بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ ئىنسان تەبىئىتى ۋە شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى......
.................................مۇھەممەد يۈسۈپ 3

❖ ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسى................
.................................ئوبۇلقاسىم ئەھمەدىي 7

❖ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە..................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 17

❖ سىرخىل مۇئمىنلەر....ئابدۇقەييۇم ئىزچى تەرجىمىسى 27

❖ پىداكارلىق روھى..................تاھىرجان ئاببas 32

❖ قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىمەن دېيىش گۇناھتۇر.....
.................................سىراجىدىن ئەزىزى 43

❖ ئىسلام روجەكلىرىدىن دېموكراتىيەگە نەزەر....
.................................مۇھەممەد يۈسۈپ 47

❖ ئەرەب دىيارلىرىدا زەپەر قۇچقان باھادىر ئەنۇشتېكىن خوتەنى...........ئابدۇللا روزىمۇھەممەد 65

❖ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىلىمنىڭ رولى......
...........ئابدۇلئەھەد ھاپىز تەرجىمىسى 79



المعرفة
مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2019

4 ـ سان
(ئومۇمىي 29 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
مۆمىنجان سىدىق
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدىي
ياسىن ئابدۇلھېكىم
(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئەسەر ئەۋەتىش
پىكىر-تەكلىپ بېرىش
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى بىر-بىرىگە تونۇشتۇرۇش، ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچەساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
*TEL: 0212-6243928*




وَقُلْنَا يَا آَدَمُ اسْكُنْ أَنْتَ وَزَوْجُكَ الْجَنَّةَ وَكُلَا مِنْهَا رَغَدًا حَيْثُ شِئْتُمَا وَلَا تَقْرَبَا هَذِهِ الشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ الظَّالِمِينَ (35) فَأَزَلَّهُمَا الشَّيْطَانُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِ وَقُلْنَا اهْبِطُوا بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَى حِينٍ (36) فَتَلَقَّى آَدَمُ مِنْ رَبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ (37) قُلْنَا اهْبِطُوا مِنْهَا جَمِيعًا فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ مِنِّي هُدًى فَمَنْ تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ (38) وَالَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآَيَاتِنَا أُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ (39)

تەرجىمىسى

35 - بىز (ئادەمگە): «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ (ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرغىن! سىلەر جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ - ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، بولمىسا ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق.

36 - شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقارغۇزۇۋەتتى. بىز (ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا): «بىر - بىرىڭلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە سىلەرگە ۋاقىتلىق يەرلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن

بەھرىمەن بولۇش بار» دېدۇق.

37 - ئادەم رەببىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (ۋە تەۋبە قىلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

38 - بىز (ئۇلارغا) «ھەممىڭلار جەننەتتىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن ھىدايەت كەلگەن چاغدا، مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشكەنلەرگە ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق.

39 - كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

## تەپسىرى

بۇ ئاتمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قىسسىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئايالى ھەۋۋا بىلەن بىرلىكتە جەننەتتە تۇرۇش ۋە جەننەتتە مېۋىسىنى يېيىش چەكلەنگەن مەلۇم بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن باشقا، بارلىق مېۋىلەردىن ۋە تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەردىن كەڭتاشا يەپ، بەھرىمەن بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ لەنەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋانى بىر ئامالللارنى قىلىپ ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىتىش ئارقىلىق ئادەمدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى تۈرلۈك نەيرەڭلىرى بىلەن ئالداشقا كىرىشىدۇ ۋە ئاخىر ئۇلارغا چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈشتە غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئادەم بىلەن ھەۋۋا چەكلەنگەن مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋرەت جايلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى يۆگەشكە ئامالسىز قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تەۋبىنى قانداق قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشنى ئىلھام قىلىدۇ: ﴿قَالَا رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنْفُسَنَا وَإِنْ لَمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ يەنى «ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق. ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز»[①]. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا بۇ دۇئانى ئوقۇپ سەممىي تەۋبە قىلىدۇ.

تەۋبە گۇناھتىن يېنىپ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا قايتىش دېگەنلىك بولۇپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن پەرزدۇر. ئاللاھ

① ئەئراف سۈرىسى: 23 - ئايەت.

تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً نَصُوحًا﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار»[①] دەپ كۆرسەتكەن. گۇناھ سادىر قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ دەرھال تەۋبە قىلىشى زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. ﴿ وَإِنِّي لَغَفَّارٌ لِمَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا ثُمَّ اهْتَدَى﴾ يەنى »شەكسىزكى، مەن تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمگە ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»[②]. ئەمما تەۋبە تىل بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ شەرتلىرى بار. تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تەۋبىنىڭ شەرتلىرى:

1. گۇناھتىن قول ئۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش. گۇناھتىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ، «تەۋبە قىلدىم» دېگەننىڭ پايدىسى يوق.

2. قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاش. گەرچە تەۋبە قىلغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە گۇناھ قىلىش نىيىتى بولسا، ئۇنىڭ قىلغان تەۋبىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

3. سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش. قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇش تەۋبىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىستىغفار ـ ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ﴿ أَسْتَغْفِرُاللهَ وَأَتُوبُ اِلَيْه ﴾ (ئەستەغفىرۇللاھە ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيھ) يەنى «گۇناھلىرىمغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا قايتىمەن» دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتالىقنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەر يۈزىنى ئىنسانلار بىلەن ئاۋات قىلىش، كۆپلەندۈرۈش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ياراتقانلىقى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش يولىدا ئۆزىدىن ئورۇنباسار قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ئالدىن بەلگىلىنىپ بولغان بىر مەسىلە بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى مەۋجۇداتلارنىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبلەرگە باغلاشنى تەقەززا قىلغانلىقتىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانىڭ جەننەتتە ئۆتكۈزۈپ قويغان بۇ خاتالىقى ئۇلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە ۋە يەر يۈزىگە چۈشۈپ ماكانلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، ھەزرىتى ئادەم، ئايالى ھەۋۋا ۋە ئىبلىس ئۈچى يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلار بىلەن ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلار تا قىيامەتكىچە بىر - بىرىگە

---

[①] تەھرىم سۈرىسى: 8 ـ ئايەت.
[②] تاھا سۈرىسى: 82 ـ ئايەت.

دۈشمەن بولۇشقان هالدا يەر يۈزىدە هايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدىغانلىقى، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەم - قايغۇ چەكمەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ سائادەتمەنلەردىن بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بېرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخ بولىدىغانلىقىدىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿ قُلْنَا اهْبِطُوا مِنْهَا جَمِيعًا فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ مِنِّي هُدًى فَمَنْ تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿هُدًى﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەپسىرى بەغەۋى ۋە قۇرتۇبىدە «پەيغەمبەرلەر ۋە ساماۋى كىتابلار» دەپ مەنە ئېيتقان[①]. تەپسىرى تەبەرىدە «دىن ۋە دىنىنىڭ بايانى»[②] دەپ مەنە ئېيتقان. پەيغەمبەرلەرنىڭ توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارنىڭ ھىدايەتنىڭ بايانى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇڭا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا ئەگەشكەنلەر قەتئىي ئېزىپ كەتمەيدۇ. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى ئارقىلىق ھىدايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئان كەرىم ئىككىسىگە مەركەزلەشكەن.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىتائەتسىزلىك ۋە گۇناھ - مەئسىيەت بارچە بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش بەخت - سائادەتنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك ئامانلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

3. شەيتانلارنىڭ كاتتىبېشى ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنى قانداق ئازدۇرغان بولسا، شەيتانلارمۇ ئىنسانلارنى شۇنداق ئازدۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھاياتلىقتىكى بۇ بىر ئۆمۈرلۈك كۈرەشتە، ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلغان، نەپسىنى پاكلىغان، روھىنى يۈكسەلدۈرگەنلەر ئۇتۇپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيا ئىمتىھان ۋە سىناق دۇنياسىدۇر.

4. كاپىرلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.[③]

[①] «تفسيرالبغوي» 5 ـ توم، 301 ـ بەت.
[②] «تفسيرطبري» 18 ـ توم، 389 ـ بەت.

[③] «تەپسىر جەۋھەرلىرى» دىن



www.uyghurkitap.com

# ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسى

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى



بۇ ماقالىدە ئىسلامدا ۋەتەن ئۇقۇمى، ۋەتەن سۆيگۈسى، مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا، ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمەن. چۈنكى خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىل مەستەملىكە كۈچلەرنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ياشاپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزمۇنلار ھەققىدە بىرەر كىتاپ ياكى ئاز دېگەندە تەتقىقات خاراكتېرلىك بىرەر ماقالىمۇ يېزىلمىغانلىقى ۋە كونا ـ يېڭى پىقھى كىتابلاردىمۇ بۇ مەزمۇنلار ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچە بېرىلمىگەنلىكى مەزكۇر مەزمۇنلارنى يورۇتۇپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىمەكتە.

## ئىسلامدا ۋەتەن ئۇقۇمى

ئىنسانلارنىڭ ۋەتەن چۈشەنچىسى پەرقلىق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى تەرىپلىشىمۇ ھەرخىل بولغان بولۇپ، ئىخچام ۋە مېغىزلىقلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ۋەتەننى مۇنداق تەرىپلىگەن: ئىنسانلار دەسلەپتە ئۆزلىرى ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋە

ئەۋلادلىرىنىڭ ياشاش قارارگاھى قىلغان زېمىن ئۇلارنىڭ ۋەتىنىدۇر.

دوكتور مەھمۇد ئاشۇر ۋەتەننى مۇنداق تەرىپلىگەن: ھەر ئىنساننىڭ ئۆز ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرى بىلەن ياشاپ كەلگەن ماكانى ئۇنىڭ ۋەتىنىدۇر.

ئۇستاز مۇھەممەد ئەبدۇھ ۋە تىلشۇناس ئىبنى مەنزۇر قاتارلىقلار ۋەتەننى مۇنداق تەرىپلىگەن: ئىنسان ئولتۇراقلاشقان ماكان گەرچە ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەتىنىدۇر.

ئۇستاز جۇرجانى «تەئرىيفات» دېگەن كىتابىدا ۋەتەننى مۇنداق تەرىپلىگەن: ئىنسان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ياشىغان ماكان ئۇنىڭ ۋەتىنىدۇر.

ئۇستاز زەينۇل ئابىدىن ۋەتەننى مۇنداق تەرىپلىگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇلارنىڭ ۋەتىنىدۇر.

سىياسىيونلار ۋەتەننى مۇنداق تەرىپلىگەن: ئىنسان ئۆزىدىن، ئائىلىسىدىن، مال-مۈلكىدىن خاتىرجەم ھالدا ياشىيالىغان ماكان ئۇنىڭ ۋەتىنىدۇر.

رىملىقلار ۋەتەننى مۇنداق تەرىپلىگەن: ئىنسان ئۈچۈن ھەق-ھوقۇق، سىياسى مەجبۇرىيەت بېرىلگەن ماكان ئۇنىڭ ۋەتىنىدۇر.

دېمەك، ئىسلامدا ئىنسانلار دەسلەپتە ئۆزلىرى ئىگىلەپ ياشىغان زېمىن بولسۇن، ياكى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىن بولسۇن، ياكى ھىجرەت قىلىپ ئولتۇراقلاشقان زېمىن بولسۇن، ئۇ زېمىن ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا بۇ ۋەتەننى سۆيۈش، ھىمايە قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش ۋاجىپ بولىدۇ.

ۋەتەن ئىنسانغا ھۇزۇر ۋە راھەت بېغىشلايدىغان ئىللىق ماكان بولۇپ، ئىنسان ئەنە شۇ گۈزەل ماكاندا دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ، شۇ گۈزەل ماكاننىڭ تۇپراقلىرىدا ياشايدۇ، ۋاپات بولغاندا شۇ گۈزەل ماكانغا دەپنە قىلىنىدۇ، سەپەر قىلغاندا شۇ گۈزەل ماكانىنى سېغىنىدۇ، سەپەردىن قايتقاندا ئۇنىڭ تۇپراقلىرىنى سۆيىدۇ.

ۋەتەندە ئىنسان ئۇنتۇش مۇمكىن بولمايدىغان تارىخىي گۈزەل ئەسلىمىلەر، ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۇكلىرى، خۇشپۇراق ھىدلىرى، ئىز ۋە ئىزنالىرى بار بولۇپ، ئۇ بىر جۇغراپىيىلىك ماكانغىلا ئىسىم بولۇشتىن كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنالارغا ئىگە.

ۋەتەن ئىنساننىڭ كىملىكى، ئىززەت-شەرىپى، مال-مۈلكى، جېنى ۋە بارلىقىدۇر. ۋەتەن ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك ماكاندۇر.

ئائىلە ۋەتەننىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى بولسا، ۋەتەن ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتىدۇر.

## ئىسلامدا ۋەتەن سۆيگۈسى

ئىنساننىڭ ئۆز ئائىلىسىنى، ئۇرۇق-

uyghurkitap.com

تۇغقىنىنى، جەمەتىنى، مىللىتىنى ۋە ۋەتىنىنى سۆيۈشى ئۇنىڭدىكى تەبىئىي خاراكتېر بولۇپ، نېمەت، ھدايەت ئەقىدە ۋە ئىمان ئالامەتلىرىدىندۇر. شۇڭا ئىنساننىڭ بۇ سۆيگۈسى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئىسلام ئىنساننى شۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىگە ئوخشاش بولۇپ، مەۋجۇتلۇق ۋە ھاياتلىقتا بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ۋەتەن ئىنساننىڭ پائالىيەت قىلىدىغان سەھنىسى، ھۇزۇر ۋە راھەت ئالىدىغان مەركىزىدۇر. ئىنسان باشقا يۇرتلاردا ھەر قانچە راھەت ياشىسىمۇ، يەنىلا ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىدۇ.

ۋەتەننى سۆيۈش، ھمايە قىلىش، گۈللەندۈرۈش، تەرەققى قىلدۇرۇش، ۋەتەنداشلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش ئەقىدە ۋە ئىماننىڭ دەلىلىدۇر. ئۆلىمالار «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر» دېگەن جۇملىدە گەرچە سەھىھ ھەدىس بولمىسىمۇ، لېكىن مەنىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ۋىجدان ۋە ئىمانلىق ئىنسان ئۆز خەلقىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان تەقدىرىدىمۇ، قەلبىدىكى مىللەت ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ، بەلكى مىللىتى ۋە ۋەتىنىنى ھمايە قىلىش، گۈللەندۈرۈش، تەرەققى قىلدۇرۇش يولدا تېخمۇ تىرىشىدۇ. «يۇرتۇم ماڭا ئۇۋال قىلغان تەقدىرىدىمۇ ئەزىزدۇر، خەلقم ماڭا بېخىللىق قىلغان تەقدىرىدىمۇ كەرەملىكتۇر».

ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى ئۆز مىللىتىنى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى ياخشى كۆرىدىغان خاراكتېر بىلەن ياراتقان. ئىنسان ئۆزى تەۋە بولغان ۋەتەنىنىڭ مۇھىتىنىڭ، ھاۋا كىلىماتىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىملىرىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ۋەتىنىنى ياخشى كۆرۈش ئىنساندا تەبىئىي ھالدا شۇ ۋەتەندە ياشاش رىغبىتىنى ئاشۇرىدۇ. ۋەتەن دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، ئۇنى قوغداش تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ.

ئىنسان ئۇچۇن جەمەتسىزلىك ۋە ۋەتەنسىزلىكتىن ئارتۇق خارلىق بولمىسا كېرەك. ۋەتەنسىزلىك ئىنسان قەلبىنى يارا قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئەلەمدۇر. قۇرئان كەرىم سۈرە نىسانىڭ 66 ـ ئايىتى، سۈرە مائىدىنىڭ 33 ـ ئايىتى قاتارلىق بىر قانچە ئايەتلەردە ۋەتەننى تاشلاشقا مەجبۇر بولۇشنىڭ ئۆلۈم بىلەن تەڭ جازا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام ۋەتەن سۆيگۈسىنى قەدىرلىگەن، ۋەتەننىڭ ھۆرمىتىنى تەكىتلىگەن، ۋەتەننى قوغداشقا چاقىرغان ۋە ۋەتىنىنى مۇداپىئە قىلىشنى پەرز قىلغان.

ۋەتەننى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ۋەتەن ئىنسانغا ئاللاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەرەپتىن ئاتا قىلىنغان بۈيۈك نېمەتتۇر. ۋەتەننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ھەربىر ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. ئىسلامدا ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى، ھۆرلۈكىنى، بىرلىك ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش پەرزدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر غېرىچ زېمىنى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنسا، ئۇ زېمىننى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن، جىھاد قىلىشنىڭ پەرز بولىدىغانلىقىغا پۈتۈن ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا سۈرە بەقەرەنىڭ 246-ئايىتى، سۈرە ھەجنىڭ 39-، 40-ئايىتى قاتارلىق بىر قانچە ئايەتلەرنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ھەدىسلىرىنى ۋە ئىسلامدا ئاساسلىق جىھادلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى دەلىل قىلغان.

ئەقلى ۋە ئىمانى ساغلام بىر ئىنساننىڭ قەلبى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ۋەتەن سۆيگۈسى ئۇنى ۋەتىنى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا، ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىشقا، ۋەتىنى دۈشمەنلەرنىڭ خىرىسلىرىغا ئۇچرىغاندا، ئۇنى مېلى ۋە جېنى بىلەن قوغداشقا ئۈندەيدۇ.

ئۇستاز مۇستاپا سادىق رافىئى مۇنداق دەيدۇ: «ۋەتىنىمنى دىلىمدا ياخشى كۆرىمەن، قەلبىمدە ئۇلۇغلايمەن، ئېغىزىمدا دۇئا قىلىمەن، مېلىم ۋە جېنىم بىلەن قوغدايمەن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ: «ئى ئاللاھ! مەدىنىنى ماڭا (ئانا يۇرتۇم) مەككىدەك سۆيۈملۈك قىلىپ بەرگىن»[1].

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن جەڭ قىلىشى ئاللاھ يولىدىكى جىھاد ۋە بۇ يولدا ئىسسىق جانلىرىنى قۇربان قىلىشى شېھىدلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «**قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ أَلَّا تُقَاتِلُوا قَالُوا وَمَا لَنَا أَلَّا نُقَاتِلَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِنْ دِيَارِنَا وَأَبْنَائِنَا**». تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر: ‹سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟› دېدى»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى شېھىتتۇر، كىمكى ئۆزىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى شېھىتتۇر، كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى شېھىتتۇر، كىمكى ئەھلىنى (يەنى ئائىلە ۋە جەمەتىنى) قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى شېھىتتۇر»[3].

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] سۈرە بەقەرە، 246-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

## ئىســـــلامدا مىلــــلەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكى

ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل مىللەت بولۇپ يارىتىلغـــانلىقى ۋە تۈرلـــۈك ۋەتەنلـــەردە ياشــــــغانلىقى مىلــــــلەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكنىڭ يوللۇق ۋە توغرا ئىكەنلىكى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرىكــى پەيغەمبەرلەرمـــۇ مىللەت ۋە ۋەتەن ئاساســدا پەيغەمــبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن، بۇ توغرىدا قۇرئـــان كەرىمـــدە قانچىلىغـــان ئـــايەتلەر تىلغـــا ئېلىنغان بولۇپ، بـــۇ ئـــايەتلەر مىلـــلەت ياكى ۋەتەن تەۋەلىكنـــى ئەيىــبلىمىگەن، بەلكـــى ھەر دەۋرنـــىڭ پەيغەمـــبەر ۋە خەلقـــگە مىلـــلەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكـــى ئاساسىدا خىتاپ قىلغان. نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە ئىنسانلارنىڭ ئۆز جەمەتى ۋە مىللىتىدىن تېنىۋېلىشى قـــاتتىق تەنقىـــت قىلىنغان.

پەيغەمبەرلەرنـــىڭ مىلـــلەت ۋە ۋەتەن ئاساسىدا پەيغەمبەر بولـــۇپ ئەۋەتىلىشـــى ئىرقىي ئايرىمچىلىق بولماستىن، بەلكـــى ئەقىلگە ئۇيغۇن تەبىئـــي خـــاراكتېردۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ خاراكتېرى ھەممـــدىن بـــۇرۇن ئـــۆز مىللىتـــى ۋە ۋەتىنىنـــى سۆيۈشنى، تۇغقانلىرى ۋە جەمەتلـــىرىگە ياخشـــىلىق قىلىشـــنى تەقەززا قىلـــىدۇ. ئىسلامدا «ياخشىلىق قىلىشقا يېقىنلار ئەڭ ھەقلىق» دەيـــدىغان قائىـــدە بـــار. بـــۇ قائىدىگە ئاساسەن، كىشىلەرنىڭ ئـــاۋۋال ئۆز جەمەتى، ئۆز يۇرتىدىكى كىشـــلەرگە ياخشىلىق قىلىشـــى، ئـــۆز ۋەتىنىـــدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىسىنى كۈچلەندۈرۈشى ئەقىل ۋە شەرىئەتكە تامامەن ئۇيغۇن بىر ئىشتۇر.

ئىسلام ھېچقاچان ئىنســـاننىڭ مىلـــلەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكنــــى ئۆزگەرتىشـــــكە ئۇرۇنمايدۇ، ئىنساننىڭ ئۆز مىللىتىگە ۋە ۋەتىـــــنىگە تەۋە بولۇشـــنى ئىمـــان ۋە ئىسلامغا زىـــت دەپ قارىمايـــدۇ، بەلكـــى ئۇنى قولLايدۇ ۋە شـــۇنىڭغا تەشـــەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان قەيەردە تۇغۇلۇپ ئۆسســـــە، شـــــۇ يەرگە تەۋە بولـــــىدۇ. ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بىلال رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇنـــىڭ ھەبەشىســـتانغا، سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنـــىڭ رۇمغـــا، سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنـــىڭ فارىســـقا تەۋە بولۇپ ياشـــاۋەرگەنلىكنى بۇنىڭغـــا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئىسلام مىلـــلەت ۋە ۋەتەنىنـــىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ بەلكى ئـــۇنى تېخىمۇ يـــۇقىرى كۆتۈرىـــدۇ. ۋەتەننـــى سۆيۈش، تەۋە بولۇش، ھىمـــايە قىلىـــش ۋە گۈللەندۈرۈشـــــنىڭ زۆرۈرلـــــۈكىنى تەكىتلەيـــدۇ. بـــۇ چۈشـــەنچىلەر بىـــلەن ئۇيىناشـــقان كىشـــىلەرنى ئـــازغۇنلار دەپ قارايدۇ.

ئەپسۇسكى، شەرئىي ئىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىز ياكى ئىلىم ۋە ھىدايەتتىن مەھـــرۇم بولغان بەزى ئىنسانلار مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكنى ئېتىبارغـــا ئالمايـــدۇ، ھەتتـــا ئۇنىڭغـــا قارشـــى تۇرىـــدۇ ۋە ئـــۇنى جاھىلىيەت ۋە ئازغۇنلۇق دەپ قارايـــدۇ. بۇ خىل قاراش، ئۇلاردا بۇ ھەقتە توغرا چۈشـــەنچىنىڭ بولمىغانلىقـــدىن كېلىـــپ چىققـــان بولـــۇپ، مىلـــلەت ۋە ۋەتەن دۈشمەنلىرىنىڭ مەنپەئەتلـــىرىگە خـــىزمەت

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلدىغان خاتا قاراشتۇر.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قوراللىرىنىڭ ئۇچىنى ئۆز ۋەتەنداشلىرىغا تەڭلەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ ئامانلىقىنى ئاياغ-ئاستى قىلدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە بىلىپ-بىلمەي خىزمەت قىلدىغان ئازغۇنلاردۇر.

شۇنىڭدەك يەنە، بەزى ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارمۇ باركى، ئۇلار مىللەت ۋە ۋەتەن دۈشمەنلىرىنىڭ ياخشى يامان ھەممە نەرسىسىنى قارىغۇلارچە ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ، ئەمما ئۆز مىللىتىنىڭ دىنى-ئېتىقاد ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق ۋە مەدەنىيەت-ھازارەتلىرىنى كەمسىتىدۇ. مۇستەملىكە كۈچلىرى ھەرۋاقىت ئىشغالىيەت ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاجىزلىق نوقتىلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا خىرىس قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ غايە-نىشانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن، ۋاستە تاللىماستىن ھەرىكەت قىلىدۇ.

ۋەتەن سۆيگۈسىنى، مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكىنى ئىنكار قىلىش؛ ۋەتەننىڭ زىيىنىغا، دۈشمەنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىش؛ مىللەت ۋە ۋەتەنگە خىيانەت قىلىش قاتارلىقلار كەچۈرگىسىز ئېغىر جىنايەت بولۇپ، مىللەت بۇنداق ئېغىر جىنايەت ئىشلىگەن خائىنلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ئۇلاردىن چوقۇم ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھمۇ ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە قاتتىق جازالايدۇ.

ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسى

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتىنىنى سۆيۈش، ھىمايە قىلىش، گۈللەندۈرۈش، ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە بۇ يولدا كېچە-كۈندۈز خىزمەت قىلىۋاتقان ئىخلاسمەن مەسئۇللارغا بويسۇنۇش دېمەكتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسئۇلىيەتچانلىق، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك دېمەكتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتىنىدىن پەخىرلىنىش، ۋەتىنىنىڭ قەدرى-قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىش، ۋەتىنى ئىشغالىيەت ئاستىدا قالسا، مېلىنى ۋە جېنىنى پىدا قىلىپ بولسىمۇ، ئۇنى قۇتقۇزۇش دېمەكتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتىنىگە خىيانەت قىلماسلىقنى، ۋەتىنىگە سەمىمىي بولۇشنى، قانۇن-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشنى، ۋەتىنىنىڭ بايلىقلىرىنى قالايمىقان بۇزۇپ چاچماسلىقنى، ۋەتىنىنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىدىغان ھەرقانداق ئىللەتلەردىن يىراق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەننى دۈشمەنلەرنىڭ خىرىسلىرىدىن مۇداپىئە قىلىش پەرزدۇر. ۋەتەننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا جاننى قۇربان قىلىش شېھىدلىكتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق،

بەلكى بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قوشكېزەكلەردۇر. دىنىدا سەممىي بولغان ئىنسان ۋەتىنىنى ھەقىقىي سۆيىدۇ. ئىسلام ۋەتەن سۆيگۈسىگە ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىلا بار بولغان تەبىئىي خىسلەت دەپ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىسلام مىللەتنى تاۋلاپ، مىللەتتە ۋەتەننى مۇستەملىكىچىلەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا مېلىنى ۋە جېنىنى پىدا قىلالايدىغان باتۇرانە روھنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى زىت قىلىپ كۆرسىتىش ئىسلامغا داغ تەگكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيىقەستتۇر.

ئۇستاز مۇستاپا كامىل ئىسكەندىرىيەدە ئوقۇغان خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر دىن بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر-بىرىگە زىت كېلىدۇ ۋە ياكى دىنغا دەۋەت قىلىش ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ جۈملىسىگە كىرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن مەن دىن بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قوشكېزەكلەردۇر، قەلبىگە ئىمان ھەقىقىي ئورۇنلاشقان ئادەم ۋەتىنىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدۇ، ۋەتىنىنى مېلى ۋە جېنى بىلەن قوغدايدۇ، دەپ قارايمەن».

ئۇستاز مۇھەممەد ئەبدۇھ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتەننى ھىمايە قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېچ بىر ئىشتا ئىسلامغا زىت كەلمەيدۇ».

ئۇستاز سەئىد زەغلۇل مۇنداق دەيدۇ: «ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بىلمىگەن ۋە چۈشەنمىگەن مىللەت ئادەمدەك ياشاشقا سازاۋەر بولالمايدۇ».

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى يېتىلدۈرۈش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، مېھر-مۇھەببەت يەتكۈزۈش، قېرىنداشلىق، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك قاتارلىق خىسلەتلەرنى جانلاندۇرۇش تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قېرىندىشى (يەنى ئاللاھ يولىدىكى دوستى) ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرمىگەن ئادەم ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»①.

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى يېتەرلىكتۇر: «مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر»②.

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مىللەتنىڭ قان-قېنىغا سىڭگەندە، ئارزۇ-ئىستەكلەرگە ۋە غايە-نىشانلارغا ئوڭۇشلۇق يەتكىلى بولىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ئومۇميۈزلۈك يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقنى تەقدىم قىلالايدىغان يېڭى

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
② سۈرە تەۋبە 71-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

**خۇلاسە:**

ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى ئولتۇراقلاشقان ماكانى ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بولۇپ، بۇ ۋەتەن ئۇلارنىڭ ئىززەت-شەرىپى، مال-مۈلكى، جېنى ۋە بارلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا بۇ ۋەتەننى سۆيۈش، ھىمايە قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز ئائىلىسىنى، جەمەتىنى، مىللىتىنى ۋە ۋەتىنىنى سۆيۈشى ئۇنىڭدىكى تۇغما خىسلەت بولۇپ، نېمەت، ھىدايەت ئەقىدە ۋە ئىمان ئالامەتلىرىدىن سانىلىدۇ.

ئىمانلىق ئىنسان ئۆز ۋەتەن خەلقىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، قەلبىدىكى مىللەت ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ، بەلكى مىللىتى ۋە ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىش، گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا تېخىمۇ تىرىشىدۇ.

ئىنسان ئۆزى تەۋە بولغان ۋەتەننىڭ مۇھىتىنىڭ، ھاۋا كىلىماتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىملىرىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ.

ئىنسان ئۈچۈن جەمەتسىزلىك ۋە ۋەتەنسىزلىكتىن ئارتۇق خارلىق بولمىسا كېرەك. ۋەتەنسىزلىك ئىنسان قەلبىنى يارا قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئەلەمدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە ئايەتلىرى ۋەتەننى تاشلاشقا مەجبۇر بولۇشنىڭ ئۆلۈم بىلەن تەڭ جازا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى، ھۆرلۈكىنى، بىرلىك ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش پەرزدۇر. ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنىڭ قانچىلىغان ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ھەدىسلىرى ۋە ئىسلامدا ئاساسلىق جىھادلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقى كۈچلۈك دەلىلدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ھەرخىل تىللاردا، تۈرلۈك ۋەتەنلەردە يارىتىلغانلىقى ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىللەت ۋە ۋەتەن ئاساسىدا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى، قۇرئان كەرىمدىكى قانچىلىغان ئايەتلەرنىڭ ھەر دەۋرنىڭ پەيغەمبەر ۋە خەلقىگە مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكى ئاساسىدا خىتاپ قىلغانلىقى ۋە بەزى سەھىھ ھەدىسلەردە ئىنسانلارنىڭ ئۆز جەمەتى ۋە مىللىتىدىن تېنىۋېلىشى قاتتىق تەنقىت قىلىنغانلىقى قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكىنىڭ يوللۇق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئىسلام ھېچقاچان ئىنساننىڭ مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمايدۇ، ئىنساننىڭ ئۆز مىللىتىگە ۋە ۋەتىنىگە تەۋە بولۇشنى ئىمان، ئىسلامغا زىت دەپ قارىمايدۇ. ساھابىلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ، ئۆز يۇرتلىرىغا تەۋە بولۇپ ياشاۋەرگەنلىكى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىسلام مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ قەدر-

قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ۋەتەنگە تەۋە بولۇش، ھىمايە قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش نىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ چۈشەنچىلەرنى بۇرمىلىغان كىشىنى خائىن دەپ قارايدۇ.

ۋەتەننى سۆيۈشنى، مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكىنى ئىنكار قىلىش؛ ۋەتەننىڭ زىمىنىغا، دۈشمەنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىش؛ مىللەت ۋە ۋەتەنگە خىيانەت قىلىش قاتارلىقلار كەچۈرگىسىز ئېغىر جىنايەت بولۇپ، مىللەت بۇنداق ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان خائىنلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ئاللاھمۇ ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە قاتتىق جازالايدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتىنىنى ياخشى كۆرۈش، گۈللەندۈرۈش، ھىمايە قىلىش، ۋەتىنى ئىشغالىيەت ئاستىدا قالسا، ئۇنى قۇتقۇزۇش ۋە بۇ يولدا كېچە-كۈندۈز جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئىخلاسمەن مەسئۇللارغا بويسۇنۇش دېمەكتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتىنىگە خىيانەت قىلماسلىقنى، ۋەتىنىگە سەممىي بولۇشنى، ۋەتىنىنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىدىغان ھەرقانداق ئىللەتلەردىن يىراق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەننى دۈشمەنلەرنىڭ خىرىسلىرىدىن مۇداپىئە قىلىش پەرزدۇر. ۋەتەننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا جانىنى قۇربان قىلىش شېھىدلىكتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق، بەلكى بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قوشكېزەكلەردۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىسلام مىللەتنى تاۋلاپ، مىللەتتە ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا مېلىنى ۋە جېنىنى پىدا قىلالايدىغان باتۇرانە روھنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى زىت قىلىپ كۆرسىتىش ئىسلامغا داغ تەگكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيىقەستتۇر.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە ۋەتەننى سۆيۈشكە، ۋەتەنگە تەۋە بولۇشقا ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىشارەت ۋە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار. مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ۋە جىھاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ۋەتەنلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقارغانلىقىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «**أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ. الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَنْ يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ**» تەرجىمىسى: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت رەببىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر ئاللاھ

ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر»[1]. «قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ أَلَّا تُقَاتِلُوا قَالُوا وَمَا لَنَا أَلَّا نُقَاتِلَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِنْ دِيَارِنَا وَأَبْنَائِنَا» تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر: ‹سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟› دېدى»[2].

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش جەريانىدا، بىر ئېگىزلىككە چىقىپ، مەككە تەرەپكە قاراپ، ئەپسۇسلانغان ۋە ئۇنىڭغا خىتاب قىلغان ھالدا، مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئى مەككە! سەن ئاللاھنىڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىچىدە، ئاللاھقا ۋە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكسەن، ئەگەر خەلقىڭ مېنى چىقىرىۋەتمىگەن بولسا، مەن ھەرگىز سەندىن چىقىپ كەتمەيتتىم».

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، ئىشغالىيەتچىلەر دەۋا قىلىۋاتقان ساختا ۋە يالغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسلامغا زىت كېلىدۇ. ئۇلار دەۋا قىلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىسلامدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ساختا ۋە يالغان تەنتەنە قىلىش، قۇرۇق شۇئارلارنى توۋلاش ۋە خەلقنى ئالداش بىلەن بولىدۇ. ئىسلام بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىككە تۈپتىن قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار ئىشغالىيەت ئاستىدىكى خەلققە ۋەتەننى پەقەت ئۆزلىرى سىزىپ بەرگەن خەرىتە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ۋە ئىسلامدىكى ۋەتەن تەرىپى، ۋەتەن سۆيگۈسى، مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسى قاتارلىقلارنى سۈيئىستېمال قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما ئىسلامدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بولسا، ئىنساننىڭ دىنغا باغلىنىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىدىغان؛ ئىنسانغا ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەيدىغان؛ ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشقا، ئۆزئارا يامان كۆرۈشتىن، ئاداۋەتلىشىش ۋە دۈشمەنلىشىشتىن ساقلىنىشقا ۋە قېرىنداشلىق بەرپا قىلىشقا چاقىرىدىغان؛ ئىنسان تەبىئىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇلۇغ ئىدىيە ۋە مۇقەددەس ئەقىدەدۇر.

---

[1] سۈرە ھەج، 39 - ، 40 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەقەرە، 246 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com




ئۆزىنى «قۇرئانچى» ياكى «قۇرئانغا چاقىرغۇچى» دەپ ئاتىۋالغان بەزىلەر ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىنى يوقىتىش ۋە ئاخىردا ئىسلامنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار 14 ئەسىردىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئىنكار قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرماقتا. ئەنە شۇ قۇرئانچىلار ئىنكار قىلىۋاتقان مەسىلىلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى بولۇپ، ئىنكارچىلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئەقلىنىڭ قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى، مۆجىزە سانالغان ئىشلارنىڭ دۇنيانىڭ تەبىئەت قانۇنىغا زىت كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەدىسلەردە كەلگەن. بۇ ئىنكارچىلار ھەدىس شەرىپلەرنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۆجىزىلەرنى بايان قىلغان ھەدىسلەرنى خۇراپات، ئۇيدۇرۇلغان ھېكايىلەر دەيدۇ. بۇ ئىنكارچىلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆزىنى قۇرئانچى دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئىنكارچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرىدىن ئىبارەت باتىل دىنلارنى كۈچلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بۇ باتىل قاراشلىرىغا تەپسىلى جاۋاب بېرىش ئارقىلىق مۆجىزىلەرنىڭ ئەپسانە ئەمەس، ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمىز.

ئىنكارچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىشتىن ئاۋۋال مۆجىزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئەھلى سۈننەتنىڭ مۆجىزە ھەققىدىكى ئېتىقادىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

مۆجىزە ــ لۇغەتتە ئاجىز قالدۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان پەۋقۇلئاددە ئىش دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆزنى ئەرەبچىدە «خارق العادة» (ئادەتتىن تاشقىرى ئىش) دەپ ئىزاھلايدۇ. مەيلى پەۋقۇلئاددە دەيلى ياكى ئادەتتىن تاشقىرى دەيلى، بۇ يەردىكى «ئادەت» سۆزى ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتكەن، پۈتكۈل ئىنسانلار بىلىدىغان تەبىئەت قانۇنى دېگەن بولىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمدە «سۈننەتۇللاھ» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەر ـ ئايالنىڭ بىرلىشىشىدىن بالا پەيدا بولغاندەك، باھار كەلگەندە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈنۈپ چىققىنىدەك، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسى تەبىئەت قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. كائىناتتىكى پۈتكۈل مەۋجۇدات ــ ئىنسانلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ــ بۇ تەبىئەت قانۇنى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ھېچكىم تەبىئەت قانۇنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا كۆرسىتىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ «مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىمەن» دېگەن سۆزىنى تەستىقلاش ئۈچۈن، پەيغەمبەر بولغان كىشىنىڭ قولىدا ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، تەبىئەت قانۇنىدىن تاشقىرى بەزى پەۋقۇلئاددە ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتا كۆيمىگىنىدەك، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئايلانغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىققىنىدەك. مۇشۇنداق ئىشلارنى مۆجىزە دەيمىز.

كائىناتتىكى بارچە مەۋجۇداتنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسى «سۈننەتۇللاھ (ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى)» بولغاندەك، مۆجىزىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىشمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش، ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا كۈچلۈك قىلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ «بىلمەپتىمەن» دەپ باھانە كۆرسىتىش يولىنى تاقاپ، ئىمان

كەلتۈرمىگەنلەرنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلىقىغا، ئىشەنمىگەنلىكىگە پاكىت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە ھەرخىل مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇ مۆجىزىلەر ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە خاھىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

## مۆجىزىگە بولغان ئېھتىياج:

پەيغەمبەرلەر بىزگە ئوخشاش ئىنسان، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغانلىقىنى دەۋا قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ياكى يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن مۆجىزىگە ئېھتىياج بار. چۈنكى ئىنسانلار مۆجىزىنى كۆرگەندە، بۇنىڭ ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۆجىزە بېرىلگەن كىشىنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە قالمايدۇ. شۇ چاغدا ئىنسانلار يا كۆرگەن ھەقىقەتكە بويسۇنۇپ ئېگىپ پەيغەمبەرگە ئەگىشىدۇ ياكى بويۇنتاۋلىق قىلىپ كۇفرىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا ھەر كىشى ئۆز تاللىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

## ئەھلى سۈننەتنىڭ مۆجىزە ھەققىدىكى ئەقىدىسى:

ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسىگە ئىشىنىش پەرز. چۈنكى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر مۆجىزىنىڭ ھەقلىقىنى بايان قىلىدۇ. مۆجىزىلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ مۆجىزە يوق دېيىش كۇپۇرلۇقتۇر. چۈنكى ئۇ مۆجىزە ھەققىدىكى ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. مۆجىزىلەرنىڭ بەزىسىنى قوبۇل قىلىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىش چوڭ گۇناھتۇر.

## ئەمدى مۆجىزە ئىنكارچىلىرىنىڭ سەپسەتەلىرىگە رەددىيە بېرىمىز:

1 ـ ئۇلار «مۆجىزە» سۆزى قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە يوق، بۇ سۆز كېيىن پەيدا قىلىنغان، دەيدۇ.

توغرا، «مۆجىزە» سۆزى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە ئىشلىتىلمىگەن. بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكى مۆجىزەنىڭ يوقلۇقىنى ياكى مۆجىزىگە ئىشەنمەسلىكنى تەقەززا قىلمايدۇ. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىستە نۇرغۇن مۆجىزىلەر بايان قىلىنغان ۋە ئۇ مۆجىزىلەر «ئايەت»، «بەييىنە» ۋە «بۇرھان» سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

«ئايەت» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ئالامەت، بەلگە دېگەن بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە مەنىدە كەلگەن:

1 ـ قۇرئان كەرىمدىكى مەلۇم جۈملە بىر ئايەت دەپ ئاتىلىدۇ: ﴿مَا نَنْسَخْ مِنْ آيَةٍ أَوْ نُنْسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِنْهَا أَوْ مِثْلِهَا﴾ «قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز.»[①]

2 ـ ئالامەت ـ بەلگە مەنىسىدە: ﴿وَقَالَ

① سۈرە بەقەرە: 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لَهُمْ نَبِيُّهُمْ إِنَّ آيَةَ مُلْكِهِ أَنْ يَأْتِيَكُمُ التَّابُوتُ﴾ «ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتى: ‹ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ...»[1]

3 ـ ئىبرەت ـ دەرس مەنىسىدە: ﴿قَدْ كَانَ لَكُمْ آيَةٌ فِي فِئَتَيْنِ الْتَقَتَا﴾ «(بەدىردە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار...»[2]

4 ـ مۆجىزە مەنىسىدە: ﴿قَالَ إِنْ كُنْتَ جِئْتَ بِآيَةٍ فَأْتِ بِهَا إِنْ كُنْتَ مِنَ الصَّادِقِينَ﴾ «پىرئەۋن (مۇساغا) ‹ئەگەر سەن بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ دەۋايىڭدا) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن› دېدى.»[3]

«بەييىنە» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى روشەن دەلىل ـ پاكىت، بايان قىلىنغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ:

1 ـ دەلىل ـ پاكىت: ﴿قُلْ إِنِّي عَلَى بَيِّنَةٍ مِنْ رَبِّي﴾ «ئېيتقىنكى، ‹ھەقىقەتەن مەن رەببىم تەرىپىدىن نازىل بولغان روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمەن»[4]

2 ـ مۆجىزە: ﴿قَدْ جَاءَتْكُمْ بَيِّنَةٌ مِنْ رَبِّكُمْ هَذِهِ نَاقَةُ اللَّهِ لَكُمْ آيَةً﴾ «سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغا) مۆجىزە كەلدى. مانا بۇ ـ ئاللاھ ياراتقان ـ چىشى تۆگىمۇ سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر.»[5]

«بۇرھان» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ھۆججەت، دەلىل، پاكىت دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكى مەنىلەردە:

1 ـ دەلىل ـ پاكىت: ﴿قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾ «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار.»[6]

2 ـ مۆجىزە: ﴿فَذَانِكَ بُرْهَانَانِ مِنْ رَبِّكَ إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ﴾ «بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى چوڭلارغا رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن مۆجىزىدۇر...»[7]

دېمەك، يۇقىرىدىكى «ئايەت، بەييىنە ۋە بۇرھان» سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، مۆجىزىنىلا ئىپادىلىمەيدۇ؛ ئۇنىڭ مۆجىزە مەنىسىدە كەلگەنلىكىنى، ئۇ سۆزلەرنى ئىچىگە ئالغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ سىياقىغا قاراپ بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بەرگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنىلا ئىپادىلەش ئۈچۈن «مۆجىزە» سۆزىنى خاس ئاتالغۇ قىلىپ ئىشلەتكەن. بۇ ئاتالغۇ قاچان پەيدا قىلىنغان بولۇشىدىن قەتئىنەزەر پۈتكۈل مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئەسىرلەردىن بېرى بىمالال ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. بۇ خۇددى قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرىدىغان ئىلىمنى «تەپسىر»، دىنىي ھۆكۈملەرنى چۈشەندۈرىدىغان

[1] سۈرە بەقەرە: 248 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئالى ئىمران: 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف: 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنئام: 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ئەئراف: 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە بەقەرە: 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە قەسەس: 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.uyghurkitap.com

ئىلمنى «فىقھى» دېگەندەك ئىلمى ئاتالغۇ. ئاتالغۇلارنىڭ قۇرئان ـ ھەدىستە مەۋجۇت بولۇشى شەرت ئەمەس. ئىلمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يېڭى ـ يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. مەيلى قۇرئان كەرىمدە ئىشلىتىلگەن «ئايەت، بەيىنە، بۇرھان» سۆزلىرىنى ئىشلىتەيلى، مەيلى كېيىن پەيدا قىلىنغان «مۆجىزە» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتەيلى مۆجىزە بار ۋە ھەقتۇر.

2 ـ ئىنكارچىلار «مۆجىزە» تەبىئەت قانۇنىغا زىت كېلىدۇ، دەيدۇ.

تەبىئەت قانۇنىغا تەۋە بولغان ئىش مۆجىزە بولمايدۇ. ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان نورمال ئىش بولىدۇ. تەبىئەت قانۇنىنىڭ سىرتىدا بىر ئىش بولغاندا ئاندىن مۆجىزە بولىدۇ. شۇڭا مۆجىزىنى پەقەت تەبىئەت قانۇنىنى ياراتقان ئاللاھ بەرپا قىلىدۇ، ئۇنى نە پەيغەمبەر نە باشقا بىر ئىنسان مەيدانغا چىقىرالمايدۇ. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى يارىتىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىنى بېكىتكەن ئىكەن، ئۇ قانۇنغا خىلاپ مۆجىزە يارىتىشقا قادىردۇر. پەيغەمبەرنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھەر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ ئۈچچىغا چىققان ئىشلارنى بېسىپ چۈشكەن مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن. مەسىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە سېھىرگەرلىك ئەۋج ئالغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرىنى بەربات قىلىدىغان مۆجىزە بەردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالُوا يَا مُوسَى إِمَّا أَنْ تُلْقِيَ وَإِمَّا أَنْ نَكُونَ نَحْنُ الْمُلْقِينَ * قَالَ أَلْقُوا فَلَمَّا أَلْقَوْا سَحَرُوا أَعْيُنَ النَّاسِ وَاسْتَرْهَبُوهُمْ وَجَاءُوا بِسِحْرٍ عَظِيمٍ * وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ فَإِذَا هِيَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ * فَوَقَعَ الْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ * فَغُلِبُوا هُنَالِكَ وَانْقَلَبُوا صَاغِرِينَ * وَأُلْقِيَ السَّحَرَةُ سَاجِدِينَ * قَالُوا آمَنَّا بِرَبِّ الْعَالَمِينَ * رَبِّ مُوسَى وَهَارُونَ﴾ «ئۇلار (يەنى سېھىرگەرلەر): «ئى مۇسا! (ھاسائىنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» دېدى. مۇسا: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى. مۇساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى. ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى. بۇ يەردە ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمى) مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە قايتتى). سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى. ئۇلار دېدى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق. مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق)»[1]

---

[1] سۈرە ئەئراف: 15 ـ 122 ـ ئايەت.

سېھرگەرلەر سېھرنىڭ ھەقىقىتىنى ئەڭ ياخشى بىلگەن كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش بولمىغانلىقىنى ۋە بۇ مۆجىزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن سۆزىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال ئىمان ئېيتىپ سەجدە قىلدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مېدىتسىنا ـ دوختۇرلۇق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. دوختۇرلار ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا زامانىغا لايىق مۆجىزە بەردى. ئۇ بولسىمۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ۋە بەرەس (ئاق) كېسەلنى ساقايتىش مۆجىزىسى بولۇپ، ئۇ نە ئۇ زاماندا نە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ئەرەبلەر سۆزگە ئۇستا، پاساھەت، بالاغەتتە يۇقىرى پەللىگە چىققان، ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنى ئەجەم يەنى گاچا دەپ ئاتايدىغان خەلق ئىدى. ئۇلار سۆز سەنئىتى بىلەن پەخىرلىنەتتى. بولۇپمۇ مەككىلىك ئەرەبلەر ناتىقلىقتا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. شۇڭا باشقا رايونلاردىكى ئەرەبلەر يازغان، ئېيتقان شېئىر ۋە نەسىرلىرىنى مەككىدىكى شائىرلارغا باھالىتاتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى مۆجىزە قىلىپ نازىل قىلدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى ئالدىدا مەككىنىڭ داڭلىق شائىرلىرى، ئەدىبلىرى گاچىلىشىپ قالدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ ئىپادە ئۇسلۇبى ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇنى ئەرەبلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەبلەرنى ئەگەر سىلەر قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توقۇپ چىققان دېسەڭلار، ھەممىڭلار بىرلىشىپ قۇرئانغا ئوخشاش پاساھەتلىك بىر كىتاب كەلتۈرۈڭلار، دېدى. ئەرەبلەر ئۇنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز قالدى. ئاندىن قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشاش ئون سۈرە كەلتۈرۈڭلار دېدى. ئەرەبلەر ئۇنىمۇ كەلتۈرەلمىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئەڭ قىسقا بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار، دېدى. ئەرەبلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا ئوقۇمىغان، ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر زات ئىدى. ئۇستا شائىرلار، داڭلىق ئەدىپلەر بىرلىشىپ، بىر سۈرىسىنى كەلتۈرەلمىگەن قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلتۈرۈشى قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟! بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى بۇگۈنگىچە ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ. دېمەك، قۇرئان ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چۈشۈرگەن مۆجىزىسىدۇر. بۇتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ

مۆجىزىلىرى ئۆزلىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۈگىگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قۇرئاندىن ئىبارەت مۆجىزىسى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، تۈگىمەيدۇ، ھەر ئەسىردە ئۇنىڭ يېڭى ـ يېڭى سىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر مۆجىزە ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كىشىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان نەرسە بولالمايتتى. چۈنكى ئۇنى باشقا ئىنسانلارمۇ قىلالايتتى. ئۇ چاغدا ئۇ ئىش مۆجىزە بولمايتتى. مۆجىزەنى پەيغەمبەر كەلتۈرەلمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزى يارىتىدۇ؛ پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ئاشكارا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالُوا لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتَّى تَفْجُرَ لَنَا مِنَ الْأَرْضِ يَنْبُوعًا * أَوْ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٌ مِنْ نَخِيلٍ وَعِنَبٍ فَتُفَجِّرَ الْأَنْهَارَ خِلَالَهَا تَفْجِيرًا * أَوْ تُسْقِطَ السَّمَاءَ كَمَا زَعَمْتَ عَلَيْنَا كِسَفًا أَوْ تَأْتِيَ بِاللَّهِ وَالْمَلَائِكَةِ قَبِيلًا * أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِنْ زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَى فِي السَّمَاءِ وَلَنْ نُؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتَّى تُنَزِّلَ عَلَيْنَا كِتَابًا نَقْرَؤُهُ قُلْ سُبْحَانَ رَبِّي هَلْ كُنْتُ إِلَّا بَشَرًا رَسُولًا﴾ «ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق، ئاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن، تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبەرلىكى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز». (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)»[①]

يەنى مۆجىزە پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا كاپىرلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەرمىگەن، ئۆزى خالىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىرى بار:

1 ـ مۆجىزىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش.

2 ـ كاپىرلار مۆجىزىلەرنى ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلاتتى.

3 ـ كاپىرلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى بېرىلسە، ئۇلار ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمان كەلتۈرمىسە، تەلتۆكۈس ھالاك بولۇشقا ھەقلىق بولاتتى، ئاللاھنىڭ ئازابى كېلەتتى. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگەن چەكسىز رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقتىن

[①] سۈرە ئىسرا: 90 ـ 93 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

كاپىرلارنىڭ پۈتۈن تەلەپلىرىنى كەلتۈرمەسلىك ئارقىلىق ئۇلارنى ئومۇمىي ئازابتىن ساقلاپ قالغان.

3 ـ ئىنكارچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئەپسانە، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئەپسانە ئەمەس، بەلكى ئۇ قۇرئان كەرىم، سەھىھ ھەدىسلەر ۋە مۆتىۋەر تارىخ كىتابلىرىدا سابىت بولغان ھەقىقەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى قۇرئان كەرىمدە، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەدىسلەردە كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مۆجىزىلىرى:

1 ـ قۇرئان كەرىم ئۆزى ئەڭ چوڭ ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا﴾ «ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ›.»[1] ﴿أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُوا بِعَشْرِ سُوَرٍ مِثْلِهِ مُفْتَرَيَاتٍ وَادْعُوا مَنِ اسْتَطَعْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ * فَإِلَّمْ يَسْتَجِيبُوا لَكُمْ فَاعْلَمُوا أَنَّمَا أُنْزِلَ بِعِلْمِ اللَّهِ وَأَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَهَلْ أَنْتُمْ مُسْلِمُونَ﴾ «ئەگەر ئۇلار(بۇ چاقىرىقىڭلارغا) ئاۋاز قوشمىسا، بىلىڭلاركى، قۇرئان ئاللاھنىڭ ۋەھيى

① سۈرە ئىسرا: 88 ـ ئايەت.

قىلىشى بىلەن نازىل قىلىنغان. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر(ئاللاھقا) بويسۇنامسىلەر؟»[2]

2 ـ ئىسرا مۆجىزىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچىنىڭ قىسقا بىر بۆلۈمىدە مەككىدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا بېرىپ، ئۇ يەردىن ئاسمانغا چىقىپ، مەككىگە قايتىپ كېلىشى چوڭ مۆجىزە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَا إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾ «ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»[3]

3 ـ ئاينىڭ يېرىلىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە دەۋەت ئېلىپ بارغاندا، كاپىرلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ئاللاھ تائالا ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ * وَإِنْ يَرَوْا آيَةً يُعْرِضُوا وَيَقُولُوا سِحْرٌ مُسْتَمِرٌّ * وَكَذَّبُوا وَاتَّبَعُوا أَهْوَاءَهُمْ وَكُلُّ أَمْرٍ مُسْتَقِرٌّ * وَلَقَدْ جَاءَهُمْ مِنَ الْأَنْبَاءِ مَا فِيهِ مُزْدَجَرٌ * حِكْمَةٌ بَالِغَةٌ فَمَا تُغْنِ النُّذُرُ﴾ «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي

② سۈرە ھۇد: 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر،
③ سۈرە ئىسرا: 1 ـ ئايەت.

يېرىلدى. (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ. ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) ئىنكار قىلدى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشىلىقتىن يا يامانلىقتىن بولسۇن) ھەر ئىش (شۇ ئىشنىڭ ئەھلىنى جەننەتكە يا دوزاخقا) ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر. ئۇلارغا ھەقىقەتەن (قۇرئان) خەۋەرلىرىدىن ئىبرەت ئېلىنىدىغان مىقداردا نەرسە كەلدى. مۇكەممەل ھېكمەت كەلدى، (ئاللاھ ئۇلارنى شەقى قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.»[①]

4 ـ شامال ئارقىلىق نۇسرەت بېرىش. ئاللاھ تائالا خەندەك ئۇرۇشى بولغاندا، مەدىنىنى يىگىرمە نەچچە كۈن قورشىۋالغان كاپىرلار قوشۇنى شامال ئارقىلىق بىتچىت قىلىۋەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَاءَتْكُمْ جُنُودٌ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا وَجُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا وَكَانَ اللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففار) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»[②]

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇندىكىلەرنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش ۋە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق نۇسرەت بېرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُواْ الَّذِينَ آمَنُواْ سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُواْ الرُّعْبَ فَاضْرِبُواْ فَوْقَ الأَعْنَاقِ وَاضْرِبُواْ مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە ‹مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن› دەپ، ۋەھيى قىلدى. (كاپىرلارنىڭ) گەردەنلىرىنى چېپىڭلار، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىنى چېپىڭلار.»[③] بۇ بەدرى ۋە تەبۇك غازاتلىرىدا بولغان.

6 ـ رەسۇلۇللاھ ئاتقان توپىلارنى كاپىرلارنىڭ كۆزلىرىگە تەككۈزۈش ئارقىلىق نۇسرەت بېرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ رَمَى وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلاء حَسَنًا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ، ذَلِكُمْ وَأَنَّ اللَّهَ مُوهِنُ كَيْدِ الْكَافِرِينَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر! بەدرىدە) مۇشرىكلارنى سىلەر ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى ئاللاھ ئۆلتۈردى. (ئى پەيغەمبىرىم! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى. بۇ مۇئمىنلەرگە چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»[④]

---

[①] سۈرە قەمەر: 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
[②] سۈرە ئەھزاب: 9 ـ ئايەت.
[③] سۈرە ئەنفال: 12 ـ ئايەت.
[④] سۈرە ئەنفال: 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.

uyghurkitap.com

7 ـ مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۈرۈش. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇئمىنلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كۈچلەندۈرگەن. مەسىلەن: مەدىنىدە خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئەۋس قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇرۇش، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك بار ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىر ـ بىرى بىلەن قەدىناس دوست بولۇپ كەتتى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان مۆجىزىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنفَقْتَ مَا فِي الأَرْضِ جَمِيعًا مَّا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[①] ﴿وَاذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنْتُمْ أَعْدَاءً فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُمْ بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا وَكُنْتُمْ عَلَى شَفَا حُفْرَةٍ مِنَ النَّارِ فَأَنْقَذَكُمْ مِنْهَا كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.»[②]

8 ـ جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپ، كاپىر دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى ئاز كۆرسىتىش ئارقىلىق نۇسرەت ئاتا قىلىش. بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ يۈز نەچچە، كاپىرلارنىڭ سانى بىر مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كاپىرلارغا كۆپ كۆرسەتتى، كاپىرلارنىڭ سانىنى مۇسۇلمانلارغا ئاز كۆرسەتتى. بۇمۇ كاتتا مۆجىزىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يُرِيكُمُوهُمْ إِذِ الْتَقَيْتُمْ فِي أَعْيُنِكُمْ قَلِيلاً وَيُقَلِّلُكُمْ فِي أَعْيُنِهِمْ لِيَقْضِيَ اللّهُ أَمْراً كَانَ مَفْعُولاً وَإِلَى اللّهِ تُرْجَعُ الأمُورُ﴾ «ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆپ كۆرسەتتى، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ (ئاللاھ ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ).»[③]

مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان مۆجىزىلىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىس شەرىپلەردە كەلگەن مۆجىزىلىرىنى كېيىنكى ساندا بايان قىلىمىز.

① سۈرە ئەنفال: 63 ـ ئايەت.

② سۈرە ئالى ئىمران: 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە ئەنفال: 44 ـ ئايەت.




ئۈممەتنىڭ سالىھ ئەۋلادلىرى دائىم ئۆز ئۈممىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۈممىتىنىڭ شان-شەرەپ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت قازىنىپ ئۆزلىرىنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ شاد-خۇراملىقتا، بەختتە ياشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداق، بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە غايىسى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ غايىگە يېتىشىدىغان ئۇسۇل، چارىلەر ھەققىدە تېخى ئورتاق بىر پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغىنى يوق.

بىر مىللەتنى ئىسلاھ قىلىپ ئۇنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش ۋە ئۇ مىللەتنى ھەر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش قاتارلىقلار، بۇلار ھەممىسى چوڭ نىشان ۋە بۈيۈك غايىلەر ئەلۋەتتە. بىراق بۇنىڭغا تۇشلۇق بىزنىڭ بۇ غايىلەرگە يېتىش ئۈچۈنمۇ مۇستەھكەم ۋە پۇختا پىرىنسىپ-ئۆلچەملىرىمىز، ئېنىق نىشان-لايىھەلىرىمىز بولۇشى لازىم.

بىز ھەرقانداق ئىشتىكى ئەڭ مۇكەممەل ۋە مۇقەددەس مىزانىمىز بولغان قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ بايانلىرىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ بىزگە مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاچقۇچلىرى ۋە قائىدە-پىرىنسىپلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە دۇنيا تارىخى، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ تارىخى يەنى ئىسلام تارىخىغا قاراپ باقىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولساقمۇ، بىز بۇ ئىسلاھات يولىنىڭ دەسلەپكى باشلىنىش نۇقتىلىرىنى، شۇنداقلا بۇ يولنىڭ تەبىئەت ۋە خاراكتېرىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. بىز ئۇلارنى يىغىنچاقلاپ كۆرىدىغان بولساق شۇنداق بىر ھەقىقەت چىقىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئىسلاھاتنىڭ ھەممىسى ئازغىنە «سەرخىل مۇئمىنلەر» توپلۇمى تەرىپىدىن باشلىنىدىغانلىقىدۇر.

بىز ئالدى بىلەن قۇرئانغا قاراپ باقايلى. قۇرئاندا «كۆپ»، «نۇرغۇن» دېگەنگە ئوخشاش كۆپلۈكنى ئۇقتۇرىدىغان سۆزلەر تىلغا ئېلىنسا دائىم ئۇشبۇ كۆپچىلىك دۇچار بولغان يامان، ناچار ئەھۋاللار سۆزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كاپىرلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغانلىلا سۆزلەيدۇ»[1]، يەنە بىر ئايەتتە «لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ئېھسانلىرىغا شۈكۈر قىلمايدۇ»[2] دەيدۇ، يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا يەنە «لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ»[3] دەيدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار.

ئەمما دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، قۇرئاندا مۇئمىنلەر زىكىر قىلىنغاندا بولسا كۆپىنچە «ئاز»، «ئازغىنە» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراپ باقايلى؛ «ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنە كىشىلەر ئىمان ئېيتتى»[4]، «مېنىڭ بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز»[5]، «نۇرغۇن شېرىكلەر، شۈبھىسىزكى، بىر-بىرىگە چېقىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا (بىر-بىرىگە چېقىلمايدۇ) بۇلار بەك ئازدۇر»[6].

كۆپ قىسىم كىشىلەر دىنىنىڭ ۋە ئۈممىتىنىڭ شان-شەۋكىتىنىڭ يۈكسىلىشىنى، كۈچىيىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ-يۇ، بىراق ئۇلار بۇ يولدا سۆيۈملۈك، ئەزىز نەرسىلىرىدىن ئايرىلىشنى ۋە ياكى ئۇلارنى پىدا قىلىشنى قوبۇل قىلىشالمايدۇ. توغرا، ئۇلار جاپا-مۇشەققىتى يوق، خاتىرجەم، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇلايدىغان ئېسىل، ئالىيجاناپ كىشىلەر، بىراق ئۇلارنىڭ مۆرىتى كەلگەندە بۇ يولنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە سۆيۈملۈك بولغان پۇل-مال، يۇرت-ماكان ۋە بالا-چاقىلىرىنى قۇربان قىلىشقا، ھەتتا سائىتى كەلگەندە جېنىنى پىدا قىلىشقا، ئۇلارنىڭ بۇ

[1] سۈرە ئەنئام، 116-ئايەت.
[2] سۈرە غافىر، 61-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە يۇسۇف، 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھۇد، 40-ئايەت.
[5] سۈرە سەبە، 13-ئايەت.
[6] سۈرە ساد، 24-ئايەت.

ئىشلارنى قىلىشقا تەييارلىقى يوقتۇر.

بۇنداق بۈيۈك پىداكارلىق ۋە قۇربانلىقلار پەقەت ۋە پەقەت باشقا تۈردىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. لېكىن بۇلار-يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەكسىچە-تولىمۇ ئاز بولۇپ ئۇلارنى ئۇچراتماق بەك قىيىندۇر. شۇنداق، ئۇلار سان جەھەتتە ئاز، بىراق ئۇلارنىڭ -ئازلىقى بىلەن تۇرۇقلۇق-تەسىر كۈچى غايەت زور بولۇپ، ئەگەر بىر مىللەتتە بۇ خىلدىكى «سەرخىللار»لا مەيدانغا كېلىدىكەن، گەرچە ئۇ مىللەتتە كۆپچىلىك كىشىلەر مىللىتىنىڭ دەردىدىن مەشغۇل، داۋالىرىغا بىپەرۋا بولغان تەقدىردىمۇ مانا شۇ مىللەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتى غەلىبە قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، ئۈممەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بۇ «سەرخىل مۇئمىنلەر» زادى قانداق كىشىلەر؟

بۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە خاراكتېرلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسى شەرىپتە ئېنىق بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدىن باشقا شانلىق ئۈممىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىمۇ بىزگە ئۇلارنىڭ خاراكتېر-خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بولسا ئەقىدىسىگە ناھايىتى سادىق ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەر بولۇپ، پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىدە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەيدۇ. ئۇلار-ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم بولغىنىدەك ياراتقۇچىسىنىڭ شەرىئەت، ئەھكاملىرىغىمۇ چىڭ باغلانغاندۇر. شۇڭا شەرىئەتتە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ۋە ياكى بۇرمىلاشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار شەرىئەتنىڭ چوڭ ئەھكاملىرىغا قانداق چىڭ ئېسىلغان بولسا كىچىكلىرىگىمۇ ئوخشاشلا چىڭ باغلانغان.

ئۇلار قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنى ھەقىقىي مۇقەددەس بىلىدىغانلار بولۇپ، پۈتۈن ھاياتىدا ئۆزىگە پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەتنىلا يولباشچى قىلىدۇ. ئۇلار ئەقىدىسى ئۈچۈن، پىرىنسىپ ۋە قىممەت-قاراشلىرى ئۈچۈن ھەر زامان پىداكارلىق قىلىشقا، قۇربانلىق بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن دىنىدىنمۇ ئەزىز بىر نەرسە يوقتۇر. ئۇلار بۇ يولنىڭ مۇشەققەتلىك يول ئىكەنلىكىنى، بۇ يولدا كۆپلەپ مۇسىبەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى، بۇ يولدا تۆلىنىدىغان بەدەللەرنىڭ ئېغىر ۋە زور بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلەر بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ يولدا ئاللاھنىڭ ئازغىنە سەرخىللارغا بىرىدىغان كاتتا ئەجىر-ساۋابىغا كۆزىنى تىككەن ھالدا بۇ يولدىكى پىنتىلەرگە، خىرىسلارغا پىسەنت قىلماستىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشنىلا ئويلايدۇ.

ئىسلاھات ھەرىكىتىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان، ئۇلارغا باش بولىدىغان ئىخلاسمەن ئىسلاھاتچى مانا مۇشۇ سەرخىللارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هەرگىزمۇ ئىسلاھاتچى ـ كۆپىنچە كىشىلىرىمىز ئويلىغاندەك، تۇرۇپلا يوق يەردىن توككىدەكلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ چىقىشى ئۇچۇن ئاۋۋال سەرخىل، ئىلغار مۇئمىن جامائەتتىن ئىبارەت بىر يىلتىز، ئۇرۇق بولۇشى كېرەككى، ئاندىن ئاللاھ ۋاقىت ـ سائىتى كەلگەندە شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى ئۆز زامانىسىنىڭ، مىللىتىنىڭ ئىسلاھاتچىسى بولۇشقا تاللايدۇ. ئەمما بۇ قانۇنىيەتتىن پەيغەمبەرلەر مۇستەسنادۇر، چۈنكى ئاللاھ ھېچقانداق بىز دەۋاتقان سەرخىل جامائەت يېتىلمىگەن، ھەتتا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بىرمۇ كىشى يوق بىر زاماندا ئۇلارنى ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئەقىدە، ئەخلاق، قىممەت قاراش قاتارلىق پۈتۈن ساھەلەردە بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدۇ. پەيغەمبەرلەر بۇلارنىڭ ھەممىنى باشتىن باشلاپ قىلىدۇ. ئەمما بۇندىن باشقا ئەھۋالدا ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات پىرىنسىپ، قىممەت ـ قاراشلىرىنى مۇستەھكەم قوغدايدىغان ئۇ سەرخىل مۇئمىنلەر جامائىتىنى روياپقا چىقىرىش بىلەن باشلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئىخلاسمەن ئىسلاھاتچى چىقىرىپ بېرىدۇ ـ دە، ئاندىن ئۇ مىللەتنى ئىسلاھ قىلىش، گۈللەندۈرۈش يولىدا پائال قەدەملىرىنى ئېلىپ مىللەتنى گۈللەندۈرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ھەممىدىن بۇرۇن بۇ چۈشەنچىلەرنى كاللىمىزدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى پەقەت ئىسلاھاتچى بىلەنلا باشلىنىدۇ دەپ ئويلايدىغانلار، دائىم ئاللاھنىڭ ئۇلارغا نامەلۇم بىر يەردىن سالاھىددىن ئەييۇبى، سەيپىددىن قۇتۇز، ۋە ياكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزلەرنى ئەۋەتىشىنى كۈتۈپ ھېچ ھەرىكەت قىلماستىن ئولتۇرىشىدۇ. ئەمما ئۇلار بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان ئىدىكى، ئۇ بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە سالاھىددىن ئەييۇبى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا مۇخلىس ئىسلاھاتچىلار مەيدانغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئىسلامي گۈللىنىشىنىڭ ئۇرۇقى ھېسابلىنىدىغان سەرخىللاردىن تەركىب تاپقان ئۇ مۇخلىس جامائەت مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىسلاھاتچىلارنى ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ چىقىرىپ بەرگەن ئىدى.

مەن ئويلايمەنكى، ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق، ئەڭ ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى «سەرخىل جامائەت» باشتىن كەچۈرىدۇ، بەلكىم تېخى بۇ ئىسلاھاتچىنىڭ ھاياتىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بوپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ھېچكىم تونۇماستىن، مەخپىي

هالدا ئىسلاھ خىزمىتىنى قىلغانلاردۇر، بەلكى ئۇلار ھاياتىدا ھېچقانداق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكى، غەلىبە ـ نۇسرەتنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتىشمۇ مۇمكىن ئىدى، ئۇلار بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا بوشاشماي مۇستەھكەم تۇرغانلاردۇر.

سىز سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ھېكايىسىنى ھەققىي چۈشەنمەكچى بولسىڭىز شۇ دەۋرىدىكى «سەرخىللار تويى»نىڭ تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىشىڭىز، ئىمادۇددىن زەنكى ۋە دادىسى ئاق سۇنگۇرلەرنى بىلىشىڭىز كېرەك. شۇنداقلا ئۇ دەۋردىكى ئۆلىمالارنى ۋە ئۇ ئۆلىمالار يېتىشتۈرۈپ چىققان سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ يېتىلىشىدە چوڭ رول ئوينىغان ئۇنىڭ ئۇستازى نۇرىددىن مەھمۇتلارنى تونۇشىڭىز كېرەك. (چۈنكى يۇقىرىدىكى بۇ مۇھىت بولمىغان بولسا نە سالاھىددىن، نە ئۇ بۈيۈك فەتىھلەر، نە ئۇ گۈللىنىشلەر بولمىغان بولاتتى).

«ئالدىراقسانلار» دائىم ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە، نەتىجىسىگىلا تەلمۈرۈپ، ئىسلاھات، ئۆزگەرتىشنىڭ قانۇنىيەت ـ سەۋەبلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىرسىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ، ياكى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىپ ۋە ياكى باشقا بىر پىلانەتتىن كېلىپ ئۇممەتنىڭ ئەھۋالىنى تۈيۈقسىزلا ئۆزگەرتىۋېتىشىنى ساقلايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، يەنە بىر تەرەپتە «ئۇمىدسىزلەر» بولۇپ بۇلار ئۆزگەرتىش، ئىسلاھاتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن خەلق بىر قېتىمدىلا ئىسلاھ بولىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتىدە بۇنداق بىر ئىش يوق. دېمەك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆپچىلىك كىشىلەر توغرا يولدا بولالمايدۇ، شۇڭا بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى ئوڭشايدىغان ئىسلاھاتچىدىن بۇرۇن شۇ ئىسلاھاتچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئۇل سالىدىغان ئۇ «سەرخىل مۇئمىنلەر» تويى ۋۇجۇتقا كەلمەي تۇرۇپ كۆپچىلىك يەنى بىر مىللەت ئوڭشالمايدۇ ياكى ئەھۋالى ياخشىلانمايدۇ.

ئەمدىكى تاللاش ئۆزىڭىزدە !!!

سىز «سەرخىل مۇئمىنلەر» تويىنىڭ بىرى بولۇپ ئازراق بولسىمۇ گۈللىنىشكە ھەسسە قوشامسىز؟ ياكى زاماننىڭ ئېقىشىغا بېقىپ، ھادىسىلەرنى يىراقتىن تاماشا قىلىپلا ئولتۇرامسىز؟

تېز جاۋاپ بېرىڭ! چۈنكى بۇ دۇنيادا پەقەت ساناقلىقلا ۋاقتىمىز قالدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




پىداكارلىق ـ ئىنسان ئۆزى ئىشىنىپ، كۆڭۈل بەرگەن دەۋاسى ئۈچۈن ماددىي ـ مەنىۋى مەنپەئەتلىرىدىن، شۇنىڭدەك ئارزۇ ـ ئارمان ۋە نەپسانىي خاھىشلىرىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان روھىي تەكاموللۇققا يۈكسىلىشىنىڭ ئۇنۋانىدۇر. تۈرلۈك مۇشەققەت ۋە دەرد ـ ئەلەملەرگە بەرداشلىق بېرىپ، دەۋا ئۈچۈن نەپسىنى ۋە مەنلىك غۇرۇرىنى يىقىتالايدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى قەھرىمانلىق داستانىدۇر. مېلىنى، جېنىنى، ھەتتا ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى بىر تەرەپتە قويۇپ، دەۋا يولىدا سۇباتلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن سەپەرۋەر بولۇشنىڭ ئاكتىپ ئامىلىدۇر. شەرئى جەھەتتىن نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى يەنى ”لائىلاھە ئىللەللاھ“ تىن ئىبارەت تەۋھىد كەلىمىسىنى بايراقلاشتۇرۇش يولىدا ھەرقانداق مۇسبەت ھەرىكەت ۋە ئاكتىپ خىزمەتلىرىنى ماددىي ـ مەنىۋى پۈتۈن مەنپەئەت ۋە ئارزۇ ـ تەلەپلىرىدىن ئەلا بىلىش ۋە كېرەك بولغاندا ئۇ يولدا جېنىنى، مېلىنى خۇشاللىق بىلەن قۇربان قىلىش نىشانى ۋە ئالىي غايىسىنى رېئال ھاياتتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش شۇئارىدۇر.

بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئەقلىي ئەمگىكى نەتىجىسىدە يۈكسەلگەن ئىلىم ـ پەن ۋە كەشپىيات تەرەققىياتلىرى، پىرىنسىپ جەھەتتە ئومۇمىي ئىنسانلارنىڭ

ئورتـــاق پـــاراۋانلىقى، بىرلىكــــى ۋە
تەرەققىياتى ئۈچـۈن خـزمەت قىلىـپ،
ئىنســانىيەت دۇنياســـىنى تىنچلىـــق ۋە
باراۋەرلىـــك ئاساســـدا مەدەنىيەتنىـــڭ
يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈشـنى غـايە ـ
مەقســـەت قىلىشـــى زۆرۈرىـــيەت
پرىنسىپلىرىدىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن
ئـــۇلار ئۆزلىرىنـــڭ بـــۇ ئاتـــالمىش
هاســلاتلىرىنى مـــۇئەييەن خەلـــق ۋە
مۇئەييەن ئىدىيە مەنسۇپلىرىنىڭ مـال ـ
ماتاسى سۈپىتىدە، باشقا خەلق ۋە ئېتىقاد
مەنســـۇپلىرىنى يـــوقىتىش ۋە ئـــاجىز
مىللەتلەرنى بـوزەك قىلـش ۋاسىتىسـى
قىلىپ كەلدى؛ ھەتتا ئۇلار بۇنى ئىرقـى
قىرغىنچىلىق قۇرالى قىلىـپ، ئىنسـانلىق
جىنايىتى ئىشـلەۋاتىدۇ. ئۇلارنىـڭ بـۇ
قىلمىشى ئادەتتە ئىلىم ـ پەنگە، ئـۆزىگە،
شۇنداقلا، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىيـانەت
ۋە ئاســيلىق بولـۇپ ھېسـابلىنىدۇ.
ھالبۇكى ئېتىبارىمىزدىن ساقىت ئاڭسىز
ھايۋاناتلار دۇنياسىدا ھېچ بىـر جـانىۋار
ئۆز جىنسىنى يېمەيـدۇ، ئۆزئـارا بىـر ـ
بىرىنى قەسـتەن ئۆلتۈرمەيـدۇ. بەلكـى
بىر ـ بىرىنى باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن
قوغداشقا، ئۆزئارا يار ـ يۆلەكتە بولۇشـقا
ھەرىـكەت قىلىـدۇ. شـۇڭىمۇ ئـۇلار
ئىنسانلار دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقـان بـۇ
خىل ۋەھشىلىكلەردىن سەسكىنىپ: «بۇلار
ئۆز جىنسـىگە زۇلۇمنـىڭ ھەر تـۈرىنى،
ھەتتا ئۆلۈمنى راۋا كۆرىـدىغان قانـداق
مەخلۇق؟» دەپ، ئۆز ھال تىلى بىـلەن
بىـز ئىنسـانلارغا ئېچىنىشـى مـۇمكىن!
ئىنســانلارنىڭ كـۈنىمىزدە بـۇ قەدەر
رەھىمسىز بۇ قەدەر شەپقەتسـز بولـۇپ
كېتىشى، ئۇلارنىڭ ماددىي دۇنيانىڭ پانىي
ۋە ئۆتكۈنچى مەنـپەئەتگە ئالـدانماي،
پەرۋەردىگارىغـا بەنـدىچىلىك قىلىشـنىڭ
ئورنىغا، ماددىغـا چوقۇنـۇپ، ماددىغـا
قۇللۇق قىلىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېـرەك.
بۇ ئەھـۋال غەرب دۇنياسـىدىلا ئەمەس
ئىسلام ئەللىرىدىمۇ ئومۇملىشىپ كەتتـى.
ھەقــقەتەن ئـۇلار بارغـانچە ماددىغـا
باغلىنىـــــپ، پەرۋەردىگارىـــدىن،
پەيغەمبىرىـدىن ۋە مـۇقەددەس كىتـابى
قۇرئــان كەرىمــدىن ئۇزاقلىشــپ
كېتىۋاتـــدۇ. دېمەككـــى بـــۇ دەۋر
ئومۇمىيەت جەھەتتىن ئېلىـپ ئېيتقانـدا،
پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئـۆز ئىسـتىقبالىنى
ماددىغا باغلاپ، ماددىغا تېۋىنىدىغان بىـر
ماتېرىيالىست دۇنيا ئېقىمىدا غەرق بولۇشقا
قـاراپ كېتىۋاتقـان قورقۇنچلـۇق بىـر
دەۋردۇر. ئىسلام دۇنياسى ئۆز تارىخـدا
ھېچقاچـان كۆنۈمىزدىكـدەك بۇنـداق
پەرىشان ۋە پاراكەنـدە ھالغـا چۈشـۈپ
قالغان ئەمەس. تېخىمۇ يامـان بـولغىنى
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلىـك سـۈپىتىنىڭ
كېرىكى بولغان «ئۇسـتۈنلۈك» ماقـامى
بىـلەن هازىرقـدەك پەرىشـان ھـالىنى
چۈشـۈنۈپ يېتەلمەيـدىغان دەرىجـدە
سەۋىيىسىنىڭ چۈشـۈپ كەتكەنلىكـدۇر.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھەر ساھەدە دۇنيـا
سەھنىسىدىن چېكىنىـپ، ئىمپېرىئالىسـت
كۈچلەرنىڭ تېپىـپ ئوينايـدىغان توپىغـا
ئايلىنىپ قالدى. تېخىمـۇ ئېچىنـارلىقى،
ئـۇلار ئۆزلىرىنىـڭ بـۇ خىـل سـەلبىي
ئىللەتلەرگە بوغۇلۇپ كەتكىنىگە قارىماي،
يەنىـلا راھەت ـ پـاراغەتكە بېرىلىـپ،
كەيپـى ـ سـاپا سۈرۈشـلىرى، ئىمـان،

قۇرئان ۋە ئۇممەت نامىغا قىل تەۋرەتمەسلىك خاھىشلىرى ۋە ئىسلام تۇپراقلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىق پاجىئەلىرىگە پەرۋاسىز قىلىشتەك غەمسىزلىكى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ. ئالدىغان بولساق يېقىندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىتېتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ”خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان ئادەتتىن تاشقىرى زۇلمىنى ئەيىبلەش“ يىغىنىدا 22 گە قارشى 37 دۆلەت خىتاينىڭ سىياسىتىنى قوللاپ ئاۋاز قوشتى. بۇ دۆلەتلەر بىر نەچچە غەيرى ئىسلام دۆلىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى ئاتالمىش ئىسلام دۆلەتلىرى ئىدى. ئەيتاۋۇر، كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھېس-تۇيغۇ جەھەتتە تۇماندەك تارقىلىپ، ۋىژدانىنىڭ بارغانچە تارىيىپ، كۆڭلى قارىداپ كەتكەنلىكى بىر ئاچچىق ھەقىقەت. بولۇپمۇ بۇ دۆلەت رەھبەرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئەمەس، ھەتتا ئۆز خەلقىنىڭ ئىستىقبالىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇدەك بىر تونۇشقا ئىگە ئەمەس. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىمپېرىئالىست كۈچلەرنىڭ ئىش بىرلىكچىلىرى. ئۇلارغا نىسبەتەن ماقام-مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ئۆز خەلقىنىڭ قېنىنى ئىچىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس. قارايدىغان بولساق، سۈرىيەدە بەششار ئەسەد، مىسىردا سىسىغا ئوخشىغان نۇرغۇن قانخور ناباپ شەخسىيەتلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسى ياكى مۇسۇلمانلار ئالىمى كۈنىمىزدە بىز يۇقىرىدا ئىپادىلەشكە تىرىشقان تىراگېدىيىگە مۇپتىلا بولغىنى بىر ئاچچىق ھەقىقەت. ئەمدى بىز ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ھەر بىرىمىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن شانلىق ۋە ئالەمشۇمۇل قىممەت قاراشلىرىمىزنى، ھۆرلۈك ۋە ئادالەتتە ھەممىگە نەمۇنە بولۇپ ئۆتكەن ئالتۇن دەۋرىمىزنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز، نەدىن باشلىشىمىز ۋە قانداق ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك دېگەن سوئال بەلگىلىرىگە جاۋاپ تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز ئالدى بىلەن بۇ سوئال بەلگىلىرىگە جاۋاپ تېپىشتىن بۇرۇن نەزەر دىققىتىمىزنى ئەسىرى سائادەت دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاغدۇرۇشىمىز، ئاندىن، ئۇلاردىن كېيىنكى ئەسىرلەر تىزمىسى بويىچە تارىخىي سەھىپىلىرىمىزنى بىردىن ۋاراقلاپ، بۇرۇنقى ئاتا-ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھال ئەھۋالىدىن دەرس چىقىرىشىمىز، تەجرىبە ساۋاق يەكۈنلەپ، كۈنۈمىزدىكى دەۋر تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن ھالدا كىرىزىستىن چىقىش يول خەرىتىسى ھازىرلىشىمىز لازىم. بۇ بىر كۈندە بولىدىغان، ياكى بىر جەمئىيەت ياكى بىر قانچە تەشكىلاتلار بىلەن ھەل بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. بۇنىڭدەك بۈيۈك ۋە ئۇلۇغۋار چوڭ ئىشلارنى دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىلمىي ئاكادېمىك شەخس ۋە ئەربابلىرىمىزنىڭ سەرخىل يېتۈكلىرى بىر يۇملاق شىرە ئەتراپىدا بىرگە جەم

www.uyghurkitap.com

بولىشى، باش قاتۇرۇشى، پىكىر بىرلىككە كېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كائىناتنىڭ خالىقى پەرۋەردىگارىمىز ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ چارىسىزلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ھال تىلىمىز ۋە كۆڭۈل-دىلىمىز بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇ زاتقا بولغان قۇللۇق بۇرچىمىزنى بىجانىدىل بەجا كەلتۈرۈشىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ دەرد-ئەلىمىگە كۆيۈمچان ئاتا-ئانا، شەپقەتلىك بىر دوختۇر ماھىيىتىدە پىداكارلىق كۆرسىتىش بىلەن روياپقا چىققۇسى. بۈگۈن بىز تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن نەچچە ھەسسە تەرەققىي قىلىپ، خىيالىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن يۈكسەك ئىلىم-پەن ۋە سوتسىيال مېدىيا-ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئەقىل-مەنتىقىمىزنى تامامەن قامال قىلىۋالغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بۇنداق چىگىك ۋە مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە ئىككى مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ دەرد-ئەلىمىگە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زۇلۇم خۇمارى ياۋۇز دۈشمەن ئالدىدىكى چارىسىزلىكىگە يول ھازىرلاش ئۈچۈن، ئاشۇ مۇسۇلمان خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ ھەر بىر شەخس ھەقىقىي مەنىدە ئۆزىدە پىداكارلىق روھى يېتىلدۈرۈشى زۆرۈر بولۇپ قالىدى. بۇ يولدا شۇ قەدەر پىداكارلىق لازىمكى، خەلقىمىزنىڭ پۈكۈلگەن بىلىنى رۇسلاشقا ماجال، ياش ئورنىغا قان ئېقىۋاتقان كۆزىگە داۋا، جاراھەتلەنگەن قەلبىگە مەلھەم بولۇپ، يېڭىدىن ياشاش ئۈمىدى بېغىشلىيالايدىغان، بۇرۇنقى ئاتا-ئەجدادىنىڭ شانلىق تارىخىنى زېھنىدە قايتا جانلاندۇرالايدىغان، كېلەچەككە بولغان ئۈمىت غۇنچىلىرىنى روھىيەت بېغىدا يېتىشتۈرەلەيدىغان، زالىملار ئالدىدىكى چارىسىزلىك روھىي پىسخىكىسىنى ئۈمىتۋارلىق باغچىسىدا يېڭىدىن بىخلاندۇرالايدىغان سەۋىيىدە ئاكتىپ ۋە ئەمەلىيەتچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ سەۋىيىدە كۆرسىتىلگەن پىداكارلىق ئاندىن خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئۈمىت بېرىپ، ھاياتقا بولغان ئۈمىتسىزلىكنى زامانىنىڭ يۆنىلىشىگە كۆرە بۇرىيالىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدەك بۈيۈك ۋە ئۇلۇغۋار خىزمەتلەر، ئادەتتە ئۇنىڭ ھەجمىنى ھەقىقىي مەنىدە ئىدراك قىلالايدىغان بۈيۈك شەخسلەرنىڭ پىداكارلىقى بىلەن، نۆۋەتتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە ھىممەت ئابىدىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن روياپقا چىقىدۇ. شۇڭىمۇ ھەر قانداق دەۋا ئۆز ھەجمى ۋە ئەھمىيىتىگە قاراپ ھىممەت ۋە پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ. ئىنساننىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئىجتىمائىي خاتىرجەملىك ۋە جىنسىي تۇرمۇشىدىن ئىبارەت تار دائىرىدىكى خاھىش ۋە بەھرىمەنلىك ئىچىگە چۆكۈپ قېلىشى ئۇنىڭ ئەڭ زور ئۈمۈر ئىسراپچىلىقى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا بىز نۆۋەتتە خەلقىمىزنى بۇ خىل تار مەنىدىكى ھايات پەلسەپىسىدىن خەۋەردار قىلىش ئارقىلىق ئېلىمېنتار (ئىپتىدائىي) تۇرمۇشتىن ھالقىغان ئۇلۇغ تۆھپىكار (ھىممەتكار) لىققا دەۋەت

قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ھەممەت-ئىنسان روھىيىتىنىڭ كامىل ماقامىدىن ئىبارەت روھىيەت ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ.

مەنچە بولغاندا، بۈنىڭدەك ئۇلۇغۋار خىزمەتلەرنىڭ دۇنيالىق ئەھمىيىتى ئىستانبۇلنى مىڭ قېتىم پەتىھ قىلغاندىنمۇ ئەلا بولسا، مەنىۋى ئەھمىيىتىمۇ ئەلۋەتتە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەۋلىيالىق ماقامىغا يېتىشىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ ئومۇم مۇسۇلمانلارغا بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا يېڭىدىن يەنە بىر قېتىم ئىسلامىي روھ بېغىشلاپ، مۆمىنلىك سۈپىتىگە لايىق ئومۇمى ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىيلىك بەخت-سائادىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش تۈيغۇسىنى ئويغىتىشتەك تۈپتىن ياخشىلاشنى مەقسەت قىلغان «يېڭىلىنىش ھەرىكىتى» دۇر. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپكى باشلىنىش نۇقتىسى ئامخاس-ھەر بىر مۇسۇلمان شەخسنىڭ ئىسلامىي شەخس، ئىسلامىي ئائىلە، ئىسلامىي جەمئىيەت ۋە ئىسلامىي تۈزۈم روھى بويىچە ياشاش ئېڭىنى كۆتۈرۈش ئاساسىدا، سائادەت دەۋرىدىكى ئاشۇ ئەڭ پاكىز، ئەڭ ساپ مەنبەدىن ئوزۇقلىنىشنى چىقىش قىلىدۇ.

«يېڭىلىنىش ھەرىكىتى» نىڭ مەركىزى ئىدىيىسى-مۇقەررەركى، ئەسرى سائادەت-دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرىنىڭ پىداكارلىق روھىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، شەخس، ئائىلە، جەمئىيەت قاتارلىق ئومۇمنى تۈپتىن ياخشىلاش ھەرىكىتى بولۇپلا قالماي، دەۋر يارىتىش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىقىش ئېڭىنى چىقىش قىلىدۇ. بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ھەرقانداق قۇربانلىق ۋە پىداكارلىقلاردىن باش تارتمايدۇ. سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق تەھدىتكە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچى ئېتىقادى كۈچ، ئىرادىسى مىللىي ئىرادە، يولى دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرىنىڭ يولىدۇر. چۈنكى بىزنىڭ بۈندىن كېيىنكى ھەرقانداق ئىنقىلاپ ۋە دەۋر يارىتىش ھەرىكىتىمىز چوقۇمكى ئىسلامىي روھ، ئىسلامىي ئەخلاق، مىللىي روھ، مىللىي قىممەت قاراش بويىچە راۋاج تاپىدۇ. بۇ ئىدىيىنى ۋە بۇ نۇقتىنى چىقىش قىلمىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەر ئادەتتە مەلۇم مۇددەت مۇئەييەن بىر سەۋىيىگە كەلگەندەك قىلغان بىلەن، نەتىجىدە مىللەتكە ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

«يېڭىلىنىش ھەرىكىتى» بىر يۈرۈش پروگراممىا ۋە يېتەكچى ئىدىيىگە ئىگە. ئۇ شەخسلەردىن باشلاپ ئائىلە، جەمئىيەت ھەتتا دۆلەت ئەربابلىرىغا قەدەر ھەر بىر شەخسنىڭ «ئۈستۈن مۇئمىن»لىك سۈپىتىگە لايىقلاشقانغا قەدەر كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە شۇ نۇقتىنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن «يېڭىلىنىش ھەرىكىتى» نىڭ شەخسلەرگە قويىدىغان ئەقەللىي ئۆلچىمى، تۆۋەندىكى بىر قاتار پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كۆپ تەپەككۇر قىلىش، ۋاقىتنى قەدىرلەش، ئاز يەپ، ئاز ئۇخلاش، ئاز كۈلۈپ، ئاز سۆزلەش، كەمتەر بولۇش، خۇش پېل بولۇش، تەبەسسۇم قىلىش، قاقاقلاپ كۈلمەسلىك، يالغان سۆزلىمەسلىك، ئاچ

كۆز بولماسلىق، ئۆزۈمچىل بولماسلىق، هورۇنلۇق قىلماسلىق، پىتنىگە ئارىلاشماسلىق، ئىمكان قەدەر باشقىلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلماسلىق، باشقىلار بىلەن ئورۇنسىز تارتىشماسلىق، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىك، باشقىلارنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى بېرىشتىن باش تارتماسلىق، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئەزۋەيلەپ ماڭماسلىق، باشقىلارنى يامان گۇمان قىلماسلىق، پىتنە پاسات ۋە بىھۇدە ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئالدىراش، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ئۆز ئەيىبىنى كۆرۈش، باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىش، كەڭ قورساق بولۇش، سەۋرچان بولۇش، سېخى بولۇش، پاراسەتلىك بولۇش، تەمكىن بولۇش، سەممى ۋە راستچىل بولۇش، شەك ۋە گۇماندىن ئۇزاق تۇرۇش، بالدۇر يېتىپ، بالدۇر قوپۇشقا ئادەتلىنىش، كىبىر ۋە چوڭچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش، ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆزىگە لازىم تۇتۇش، ھەر كۈنى چوقۇم قۇرئان كەرىمدىن بىر بۆلۈم ئوقۇپ، مەنە ـ مەزمۇننى تەپەككۇر قىلىش، ھەر ئىشنىڭ سەۋەبىنى قۇسۇرسىز قىلىپ، نەتىجىسىنى ئاللاھتىن كۈتۈش، قازا ۋە قەدەرگە تەسلىم ۋە رازى بولۇش، مۇسۇلمان قېرىنداشىنى ھاقارەت تىلى بىلەن تىللىماسلىق، مۇسۇلمانلارغا قارشى نەپرەتتە بولماسلىق، دۇئادا باشقىلارنى ئۇنۇتماسلىق، شەيتانغا پۇرسەت بەرمەسلىك، ئۆيدىن چىققاندا تاھارەت ۋە دۇئا بىلەن چىقىش، كۆپ سەدىقە قىلىش، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇش، ئەقىدە ۋە قانۇن ئۆگىنىش، ھەدىس ئوقۇش ۋە ئەمەل قىلىش، تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرۇش، ئەزان ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن مەسچىتكە بېرىشقا ئادەتلىنىش، ئەمەل ـ ئىبادەتكە سۇسلۇق قىلماسلىق، ھەقتىن ئۇزاقلاشتۇرىدىغان كىشىلەر بىلەن ئەھباب بولماسلىق، ئەتتىگەن ئاخشام ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشنى ئۇنۇتماسلىق، ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ئاللاھنى ھازىر ۋە نازىر بىلىش.

قىسقىسى، «يېڭىلىنىش ھەرىكىتى» نىڭ تۈپكى نىشانى، بۇ ھەرىكەتكە كۆڭۈل بەرگەن شەخس ۋە پەرتلەرنىڭ كامىل ئىمان، كامىل ئىخلاس، كامىل ئەخلاق، كامىل ئابىد، كامىل مۇجاھىت بولۇشتەك يۈكسەك ۋە ئالى روھ بىلەن تاكامۇللاشقان «كامىل ئىنسان» بولۇپ يېتىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئومۇمەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ، خۇسۇسەن بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كېيىنكى بۇ ئۈچ ـ تۆت ئەسىردىن بېرى بېشىمىزغا كەلگەن كۆلپەتلىك ئاپەتلەر سەۋەبلىك ئۇنىۋېرسال سەۋىيىمىزنىڭ كۈندىن كۈنگە تۆۋەنلەپ، كۈنىمىزنىڭ بارغانچە ئېغىرلاپ كېتىشىنىڭ تۈپكى ئامىلى، بىزنىڭ جۈملىدىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى روھىمىزغا سىڭدۈرەلمىگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان. شۇڭا بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىمىز، ئىسلام دۇنياسىدا يېڭىدىن بىر تىرىلىشنىڭ ئەمەلىيلىششىنى، ئالەمشۇمۇل

سەۋىيىدە يەنە بىر قېتىم ئەسىرى سائادەتتىكى ئاۋانگارت مۇسۇلمانلارنىڭ تەمسىلىيەت روھىنى ئۆزىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ دىنامىك (ھاياتى كۈچىنىڭ تولۇپ تېشىشى) ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشقا مەركەزلىششتىن ئىبارەتتۇر.

ئەينى چاغدا، باشتا ئاللاھ رەسۇلى ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك ساھابىلىرى ئىلاھىي دىن يەنى ئىسلام دىنى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشنى، قانۇن-پرىنسىپلىرىنى ھاياتىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھەقىقىي نىجاتلىققا ئېلىپ چىقىشنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غايىسى ۋە ئىدىيىلىرى قىلغان. شۇڭىمۇ ئۇلار ئازغىنا ۋاقىتتا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، شۇ دەۋردىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپېراتورلۇقنىڭ تەختى-بەختىنى مۇنقەرز قىلغان. قاچانكى بىز مۇسۇلمانلارمۇ كۈنىمىزدە ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى خەلىپىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھادىسىلەرگە دىنىي تۇس، دىنىي روھ ۋە دىنىي چۈشەنچە بىلەن مۇئامىلە قىلىش روھىنى ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرۈشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ يەتسەك، ئاندىن قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئۈستۈن مۇئمىن»لىك سالاھىيىتىمىزنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. بىز قاچانكى ئۈستىمىزدىكى ۋەزىپىمىزنىڭ ھەجمىنى ۋە ئەھمىيىتىنى بۇ سەۋىيىدە ھېس قىلالىغىنىمىزدا ئاندىن بۇ دۇنيادا مەجۇتلىقىمىزنىڭ ۋە دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مۇستەقىل ياشاش ھەق-ھوقۇقىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي مەندە تونۇپ يېتەلەيمىز.

بۇ ئاڭ ۋە چۈشەنچە ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى بىلەن مۇجەسسەملىشىپ، ئەڭ يۈكسەك سەۋىيىگە كەلگەن. ئۇ زاتنىڭ بۇ ئالى ۋە مۇئەللا روھىنى ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە قانداق دەرد قىلغانلىقىنى، ھەتتا دەۋا يولىدا ئۆزىنى ھالاك قىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغۇدەك دەرىجىدە دەۋاغا سەۋدالانغانلىقىنى جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن»[1].

ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى باشلىغاندا مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن نۇرغۇن ئەزىيەت ۋە تىل-ھاقارەتكە يولۇقتى-ساراڭ دېدى، سېھىرگەر دېدى، كاھىن دېدى... مۇبارەك بويىنىغا تۆگىنىڭ ژىنلىرىنى ئارتىپ قويۇپ، سەجدىدىن باش كۆتۈرەلمەي قالغاندا، قىزى پاتىمىدىن باشقا بىر ئىنسان كېلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ماڭىدىغان يوللىرىغا تىكەن تاشلانغان بولسا، ئىشىكلىرىگە نىجاسەت سۈرتۈلگەن ئەھۋاللارمۇ بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىش-ئەتمىشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەۋاسىدىن سوۋۇتالمىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق ئىچى

[1] سۈرە كەھف، 6-ئايەت.

پۇشاتتى، جىلە بولاتتى، ئۇلارنىڭ هالىدىن ئېچىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئېچىنىشى، ئىچى پۇشۇپ دەردلىنىشى، ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىگە قارىتىلغان تىل ئاھانەت ۋە تاپا - تەنە تۇپەيلى ئەمەس، بەلكى دەۋىتىگە قۇلاق سالماي تەرسالىق قىلغان، ئىمانغا كەلگىلى ئۇنىماي جەھەننەملىك بولۇپ كېتىش خەۋپى ئاستىدىكى مۇشرىكلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز: «ئۈممىتىمم، ئۈممىتىم» دەپ كېچە كۈندۈز دەردلىنەتتى. شۇڭلاشقىمۇ جانابى ئاللاھ مەزكۇر ئايەتتە، پەيغەمبىرىگە «ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۋەتمىگىن» دېگەن مەزمۇندا ئايەت نازىل قىلىپ تەسەللى بەرگەن. تارىختىن بىرى پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىدىن تىل - ئاھانەت ۋە دەشنام يەپ كەلگەن. ئەگەر پەيغەمبەردىن باشقا ئىنسان بولىدىغان بولسا، ئاللى بۇرۇن ئۇلار دەۋانى ئەمەس، ھەتتا يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ خاراكتېرى بۇنىڭدىن پاك ئىدى. بولۇپمۇ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام تېخىمۇ چىداملىق، تېخىمۇ سەۋرچان ۋە تېخىمۇ كۆيۈمچان ئىدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭغا قانچىلىك تىل - ئاھانەت قىلسا، ئۇلارغا شۇنچىلىك مېھرىبانلىق بىلەن يېقىنلىشاتتى، قانچىلىك زۇلۇم قىلسا، شۇنچىلىك ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھەممە ئۇلارنىڭ ھەققىدە ياخشى دۇئا تەلەپتە بولاتتى. ئالدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ تەرسالىقى كۈنسېرى ئېشىپ، زۇلۇم - ستەملىرى بارغانچە كۈچىيىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەككە مۇشرىكلىرىدىن باشقا قەبىلىلەرنىمۇ دەۋەت قىلىپ كۆرۈش ئۈچۈن تائىپتىكى سەقىف قەبىلىسىگە بارغان. ئۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئۆزىگە ياردەمدە بولۇشقا چاقىرغان. لېكىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان ۋە ئۆچمەنلىكى ئېشىپ، جەمئىيەتتىكى نادان ئادەملەرنى ۋە باللارنى سېلىپ، تاش - كېسەككە تۇتقان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىس پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قالقان بولۇپ ئۇ زاتنى قوغداشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زاتنىڭ پۇتى يارىلىنىپ قاناپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆزىگە مانا مۇشۇنداق ئېغىر جاپا سالغان كىشىلەرنىڭ ھەققىدە يەنە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىم قالمىدى، چارىسىز قالدىم، خەلق ئىچىدە ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا ئۇچراۋاتىمەن، بۇنىڭدىن ساڭا شىكايەت قىلىمەن. ئى پەرۋەتردىگارىم سەن چارىسىزلەرنىڭ، ئاجىزلارنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، مېنى كىمگە تاشلاپ قويىسەن؟ سېنىڭ ماڭا غەزىپىڭ بولمىسىلا، مۇنداق قىيىنچىلىقلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

پىسەنت قىلمايمەن» دەپ، دۇئادا بولغان. ھەتتا شۇ چاغدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى جانابى ئاللاھ بۇ خەلقنىڭ ساڭا قىلغان يامانلىقى تۈپەيلى ئۇلارنى سەن خالىغان جازا بىلەن ئازاپلاشقا مېنى ئەۋەتتى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ خەلقىمنى ھىدايەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ» دەپ يەنە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەققىدە ياخشى دۇئا تىلەكتە بولغان. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپتىن قايتىپ، نەخلە دېگەن جايغا كەلگەندە جانابى ئاللاھنىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن، بىر توپ جىن تائىپىسى كېلىپ، ئىمانغا كېلىپ، مۇسۇلمان بولغان.① ئەيتاۋۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەن ـ ئاخشام، ئولتۇرسا ـ قوپسا ئۈممىتىنىڭ غېمىنى يەيتتى، قانداق قىلىپ ئۇلارغا دەۋاسىنى ئاڭلىتىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى. مانا ئۇ زاتنىڭ ئەڭ چوڭ دەردى ئۈممىتىنىڭ نىجات تېپىشى ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ بىپەرۋا مۇشرىكلارنىڭ ئىمانغا، قۇرئانغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆچمەنلىك نەپرىتى ئېشىپ باراتتى. بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە مېھىر ـ شەپقەت ۋە ۋاپا ئابىدىسى زات ـ رەسۇلۇللانىڭ قەلبىنى داغلايتتى، ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى. ھەتتا بەزى ۋاقىتلىرى خۇدىنى يوقىتاتتى. شۇڭىمۇ جانابى ئاللاھ ئۇ زاتنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىشىڭ مۇمكىن» دەپ تەسەللىدە بولغانتى.

كېيىنچە بۇ دەۋا ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىپ، مەككە دەۋردىن مەدىنە دەۋرىگە كەلگەندە، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن تەركىب تاپقان مۇبارەك ساھابى ـ كىراملارمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئوخشاشلا ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن يۇغۇرۇلغان. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار قاچانكى دەۋا يولىدا پىداكارلىق تەلەپ قىلىنغاندا، ئاغزىغا قويماقچى بولغان لوقمىنى تاشلاپ سەپەرۋەر بولالايدىغان، توي كېچىسىمۇ «دەۋا» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلەيدىغان، دادام، ئانام دېمەي دەۋا شەرپىنى جان تىكىپ قوغدىيالايدىغان سەۋىيىدە پىداكار خىزمەت ئاۋانگارتلىرى بولۇپ يېتىلگەن.

ساھابى كىراملارنىڭ ئىچىدە ھەنزەلە ئىبنى ئامىر ئىسىملىك بىر مۇبارەك ساھابە بار ئىدى. ئۇ تېخى ئەمدى ياش قۇرامىغا يەتكەن يىگىت ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جارچىلىرى مەدىنىدە خەلقنى جىھاتقا چاقىرىق قىلىۋاتاتتى. چاقىرىقنى ئاڭلىغان ھەممە ئادەم قولىدىكى ئىشنى دەرھال تاشلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا ئالدىرايتتى... بۇ چاقىرىق دەل شۇ كۈنى ھەنزەلىنىڭ توي كېچىسى ئەتىگىنىگە توغرا كەلگەنتى. ئۇ، جارچىلارنىڭ جىھاتقا چاقىرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، جىنابەتتىن غۇسۇل قىلمايلا... كىيىنگەن پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئايالى: «ھوي تەخسىر

① سۈرە ئەھقاپ، 29 ـ ئايەتتىن 32 ـ ئايەتكىچە.

يۈيىنئۇالغان بولىسلىچۇ!» دەپ، تولاپ قالدى. مانا ئۇ شېھىتلەرنىڭ قېنى بىلەن داستان يېزىلغان تارىخىي كۈن ئۇھۇد ئۇرۇشى ئىدى. ھەزرىتى ھەنزەلە ئۇھۇدقا كېلىپ، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئەترىتىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇرۇش تازا چېكىگە يەتكەنتى. بىر چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدە قالايمىقانچىلىق چىقىشقا باشلىدى. ئۇ كۆكسىنى قالقان قىلىپ قەھرىمانلارچە دۈشمەنگە ئۆزىنى ئۇراتتى. بىر مەھەلدىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز بىر دۈشمەن زەربىسى بىلەن كۆكسىدىن زەربە يەپ قولىدىن ئايرىلدى ۋە شېھىت قىلىندى. ئۇنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا كېلىپ جىھاتقا قاتناشقانلىقىدىن ھېچ كىمنىڭ خەۋىرى يوقتى. بۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ يارىلانغانتى. ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك يۈزىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولى بىلەن يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈۋېتىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ ئۈممىتىمنى ھىدايەت قىلغىن، بۇلار مېنى بىلمەيدۇ. بېشىمنى يېرىۋەتتى، چىشىمنى سۇندۇرۇۋەتتى، بۇ سەۋەپلىك ئۇلارنى جازالاندۇرمىغىن، بۇلارغا بالا ـ مۇسىبەت بەرمىگىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ. بىلگەن بولسا، بۇنداق قىلمىغان بولاتتى» دەپ، دۇئا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىۋېتىپ، كۆزلىرىنى بىردىنلا ئۈپۈققا تىكىپ: «مەن ھازىر ھەنزەلىنىڭ زېمىن بىلەن ئاسمان ئوتتۇرىسىدا غۇسلى قىلدۇرلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن»

دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلار دەرھال بېرىپ ھەنزەلەنى شېھىت قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدىن تاپتى ۋە چاچ ـ ساقىلىدا سۇ تامچىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشتى. ھەنزەلىنىڭ تېنى ئۇھۇد مەيدانىدا ياتقان بىلەن، پەرىشتىلەر ئۇنى ئاسماندا غۇسۇل قىلدۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ چاقىرىقىغا تەخىرسىز ئاۋاز قوشۇپ، جۇنۇپ ھالىتىدە شېھىت بولغانتى. يەنى جانابى ئاللاھنىڭ {شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى}[1] دېگەن ئايىتىنىڭ نەمۇنىلىك ئۈلگىسى بولغانتى. شۇڭىمۇ جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ پىداكارلىقىنى يەردە قويمىدى. ئۇنى پەرىشتىلىرى بىلەن غۇسۇل قىلدۇردى. دېمەككى ئاللاھ ئۈچۈن سەل بولۇپ ئاقساڭ، ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كۆز يېشى قىلساڭ، جىگەرىڭنى داغلىساڭ، ئاللاھمۇ ئەھۋالىڭنى سورايدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلىسەڭ، ئاللاھ ئۈچۈن يۈزۈڭنى يەرگە سۈرسەڭ، جانابى ئاللاھمۇ يۈزۈڭنى يەردە قويمايدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن چاڭ ـ توزانغا بۇلانساڭ، جانابى ئاللاھمۇ ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن پاكىزلايدۇ.

قۇرئان كەرىم بىزگە پىداكارلارنىڭ ھالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا سۇباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ

[1] سۈرە تەۋبە، 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق»[1]، «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن رەببانىي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا بولمىدى. ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[2]؛ «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ»[3].

ھەقىقىي پىداكار ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قەتئىي بوشاتمايدۇ. نەپسىي ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى، ئاتا-ئانا، بالا-چاقا ۋە پۈتۈن يېقىن-يۇرۇق، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىدىن ئۈستۈن كۆرمەيدۇ. زۆرۈر بولغاندا مېلىنى، جېنىنى، بارلىقىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاللاھ ئۈچۈن بولمىغان ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى يوقتۇر. ئۇلار دەۋا يولىدا پىداكارلىقنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ۋە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىنى چىقىم قىلىشتا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنى ئۆزىگە ئۈرنەك قىلسا، جېنىنى پىدا قىلىشتا شېھىتلەر سۇلتانى ھەزرىتى ھەمزە ۋە ھەنزەلەگە ئوخشاش ئوھۇد ئارسلانلىرىنى نەمۇنە قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن زامان، ماكان ۋە شارائىتنىڭ پەرقى يوق. قاچان ۋە قەيەردە بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇلسا، پۈتۈن ئىشى شۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش، كېرەك بولغاندا جان دېسە جان، مال دېسە مال بېرىشتىن باش تارتمايدۇ.

[1] سۈرە ئەھزاب، 23-ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 146-ئايەتتىن 148-ئايەتكىچە.
[3] سۈرە مۇھەممەد، 7-ئايەت.




[يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر»[1].

مەزكۇر ئايەت ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى پۈتۈن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، نورمال پائالىيەت بولسۇن، ئىبادەت بولسۇن، سىياسەت بولسۇن ياكى جىھاد ئىبادىتى بولسۇن ھەرقانداق ئىشنى ئىغزىمىزدىن چىقىرىشتىن بۇرۇن شۇ ئىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پىلان تۈزۈپ، قىلماقچى بولغان ئىش، يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ ئۈنۈمى قانچىلىك؟ نەتىجىسى قانداق بولۇشى مۇمكىن؟ بۇنىڭدا ئۆزۈم ۋە خەلقىمگە پايدا ـ زىيىنى قانچىلىك؟ ئورۇن، شارائىت بارمۇ؟ بۇلارنىڭ ھېسابىنى قىلغاندىن كېيىن، شۇنداقتىمۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى، مەخپىيىتى دېگەندەك تەرەپلەرنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا سۆزلەشكە باشلاش ئاللاھنىڭ ھۆكمى، ئەقلىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

مەزكۇر ھۆكۈم سىياسىي پائالىيەتلەردە، ئىقتىسادىي ئىشلاردا، ئائىلە ـ تۇرمۇشىدىمۇ ئوخشاش.

دۇنيادا پىلانلىق، نىشانى ئېنىق، مەخپىيەتلىكى پۇختا بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر غەلىبە قىلغان. ئالدىن

[1] سەف سۈرىسى: 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر.

تۇلپار كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلنىغان پىلان ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، مەخپىيەتلىكى سىزىلىپ قالغان ھېچقانداق ئىش، ياكى ھەرىكەت نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كەلگەن بۈگۈنكى ئېغىر ۋەزىيەت، كۆپىنچە ئىشلارنى مەخپىي قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. دۈشمىنىمىز دەرىجىدىن تاشقىرى ھىيلىگەر، ۋەھشىي، بىزنى نەپەس ئالدۇرماسلىق ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سالىدۇ، سېلىۋاتىدۇ.

دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق. ئەمما ئىشلارنىڭ ھەممىسى پىلان، تەدبىر، ئىمكانىيەت، ئەقىل، بىلىم، تېخنىكىلارغا باغلىق. ئەنە شۇ شەرتلەرنى ھازىرلىيالىغىنىمىزدا پىلان قىلغان ئىشىمىزنى رويابقا چىقىرالايمىز.

خەلقىمىز بۈگۈن بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن نېمە قىلىشى ۋە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، كاللىسىغا نېمە كەلسە شۇنى ئاۋازى يەتكۈچە سۆزلەپ، ھەركۈنى ئىنتىقام ئېلىپ، دۈشمەننى يوقىتىپ، ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىنتىقام ئېلىش، دۈشمەنگە زەربە بېرىشتەك ئىشلار يىغىنلاردا، نامايىشلاردا سۆزلىنىدىغان سۆز ئەمەس. بۇنى ئائىلاپ ھاياجىنىنى باسالماي مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، ھۇررا! دەپ، سەكرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىشمۇ ئەمەس.

كونا ئۇسۇلدىكى ھەرىكەتلەر ۋە ئىشلار بۇرۇنقى ئەسىرلەردە ئەمەلگە ئاشسىمۇ 21 ـ ئەسىردە بۇنداق ئىشلار ۋە شوئارلارنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

بۈگۈن ئەقلىمىزنى كاللىمىزغا يىغىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ دۈشمىنىم كىم؟ نەدە؟ ئىمكانىيىتى قانچىلىك؟ مەندىكى ئىمكانىيەت دۈشمىنىمگە زەربە بېرەلەمدۇ؟ كۆزلىگەن مەقسىتىمگە يېتەلەمدىمەن؟ مەقسەتكە يېتىشىم ئۈچۈن مەندىكى ئىمكانىيەتلەر يېتەرلىكمۇ؟

مۇشۇنداق سوئاللارغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاپ تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دۈشمەن شەرقىي تۈركىستاندا مىليونلارچە بىگۇناھ خەلقىمىزنى لاگېرلاردا يوقىتىشقا پىلان تۈزۈپلا قالماستىن شۇ ۋەھشىي پىلانىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان، قىلىش ئېھتىمالى بولغان چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ھېچ ئىش قىلالمايدىغان، كېرەكسىز قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ھېسابسىز دوللارلارنى خەجلىۋالىدۇ. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك زۇلۇملارنى ئامال بار يوشۇرۇش، يوشۇرالمىغاندا جىنايىتىنى دۇنياغا ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن خەلقىمىزگە «رادىكال» «تېرروررچى» قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، توختىماي تەشۋىقاتلارنى قىلىپ، دۇنيانى بىر قەدەر ئالداش، كۆزنى بوياشقا ئۇرۇنغان بولۇپ،

كۆزلىگەن مەقسەتكە تولۇق يېتەلمىسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملارغا قارىتا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ گۇمانلىق قارىشى، قۇتۇپلىشىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دۈشمەن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىش قىلدۇرماسلىق، دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن چەتئەلدىكى جاسۇسلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قول سالغان ساھەلەر بولسا، مۇھىم شەخسلەرنى ئېتىبارسىزلاشتۇتۇش، مۇئەييەن تەشكىلاتلارنى ئۇپرىتىش، خۇنۇكلەشتۈرۈش، مائارىپنى سۇسلاشتۇرۇش، تەشۋىقات ۋە ئىقتىسادنى ئاجىزلاشتۇرۇش.

دۈشمەننىڭ مەزكۇر ساھەلەردىكى ئىشى مۇھىم شەخسلەرنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قول چۇماقچىلىرىنى ئالدى پىلانغا چىقىرىش، ھەقىقىي خىزمەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارغا قارشى پاراللېل تەشكىلاتلارنى قۇرغۇزۇپ ئالدىغا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىش ۋە بۇ يولدا دوللارنى ئايىماي خەجلەشتۇر.

دۈشمەننىڭ نىشانى مائارىپ ساھەسىنى قالايمىقان قىلىش بولۇپ، چەتئەلدىكى ئەۋلادلىرىمىزنى خەلقئارا سەۋىيەدىكى سىستېمىلىق تەلىم ـ تەربىيە مۇھىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش، زامانىۋى بىلىم، تېخنىكىلارنى بىلمەيدىغان، پەندە ئوقۇسا دىنىدىن يىراق، دىنىدا ئوقۇسا پەنىدىن يىراق، دۇنيالىقى ياكى ئاخىرىتى يوق، دۇنيا سىياسىتىگە ھېچقاندا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان، خەلقىگە باشلامچىلىق قىلالمايدىغان، ئوقۇش پۈتتۈرسىمۇ قورساق غېمىدىن ئېشىنالمايدىغان ئىنسانلار توپى پەيدا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

تەشۋىقاتتا بولسا، ئۇيغۇرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىغا قارىماي چەتئەلدىكى تەشۋىقاتىمىز ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدە كېتىپ بارغانىنىڭ سىرتىدا دۈشمەننىڭ تەشۋىقاتى كۈچلۈك، يالغانلىرى بازار تاپقان، قانداق بىر تەشۋىقات ئورگىنى جانلىق ھەرىكەت قىلىشقا قاراپ ماڭسا دەرھال پاراللېل تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىنى بەرپا قىلىپ، خەلق ئارىسىدا پىتنە، دە تالاشلارنى قىزىتىۋاتقانلىقى سىر ئەمەس. بۇ ساھەدە ئەمەلىي خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا بولسا ماددىي ئىمكانىيەت يوق، مىللەت ياردەم قىلمايۋاتقان.

ئىقتىساد ئىشىدىمۇ چەتئەلدىكى ياخشى ئىشلارغا پۇل خەجلەيدىغان تىجارەتچىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، قايسى ساھەدە تەرەققىي قىلسا شۇ ساھەنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇش ئۈچۈن دەرھال دوللارلار ھەرىكەتكە كېلىدۇ.

ئاللاھ خەلقىمىزنىمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئادەم قىلىپ، ئەقىللىق

www.uyghurkitap.com

ياراتقان، قۇرئان كەرىم داۋاملىق ئەقلنى ئىشقا سېلىشقا چاقىرغان بولغاچقا، دۈشمەن كۆرسەتكەن يولدىن ماڭماي ئەقلىمىز كۆرسەتكەن يولدىن ماڭساق، دۈشمەن تاش سانسا، بىز قوۋم سانىيالىساق بولاتتى..

ئەرەبلەردە مۇنداق بىر ماقال-تەمسىل بار:

**أستر ذهبك وذهابك ومذهبك**

مېلىڭنى، يولۇڭنى ۋە نىشانىڭنى مەخپىي تۇتقىن.

خەلقىمىز دىندا، سىياسەتتە، ئەخلاقتا، ئەقىل-پاراسەتتە پەلەستىنلىكلەر، پولشالىقلار، فىلىپپىندىكى مورو مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش ئەركىنلىك كۆرۈشىنى بېشىدىن كەچۈرگەن مىللەتلەردىن ئۆگىنىدىغان كۆپ ئىشلار بار، بۇ ئىشلار سەۋرچانلىق، مۇستەھكەم ئىرادە پەۋقۇلئاددە كۈچ تەلەپ قىلىدۇ...

مۇھاجىرەت تارىخىمىز ئۇزۇن بولىشىغا قارىماي چەتئەلدە ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە سانىمىزنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىمىز ئەمما ھېچقانداق دۆلەتتە شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك ھالەت شەكىللەندۈرەلمەپتۇق. بۇ ئىشلار بەك قىيىن، ئالاھىدە كۈچ كېتىدىغان ئىشلار بولسىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئەمەس.

ئەسلىدە ئۇيغۇرلار مىللەت سۈپىتىدە بىرلىك ھاسىل قىلساق، مۇئەييەن تەشكىلاتلارنى كۈچلەندۈرۈپ، ئەزا توپلاپ، سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن رەسمىي بازارلىق قىلالايتتۇق.

بىزنىڭ تارىختىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆتمۈشىمىزنىڭ ئەجابىي-سەلبىي تەرەپلىرىنى ياخشى يەكۈنلەپ، كەلگۈسى خىزمەت پىلانى، يول خەرىتىمىزنى سىزىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى تارىخىمىزدا جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇپ باقتۇق، داۋاملاشتۇرالمىدۇق. قوراللىق كۈرەشلەرنى قىلدۇق، قاملاشتۇرالمىدۇق. سىياسەت قىلدۇق، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدۇق. پۈتۈن ھەرىكەتلىرىمىز داۋاملىق مىڭبىر توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ كەلدى.

داۋاملىق چوڭ گەپلەرنى قىلىپ دۈشمەننىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ زىياننى كۆپ تارتتۇق، بەك ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدۇق.

ئىشلىرىمىزنى پۇختا قىلىش، داۋراڭنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش، ھەرىكەتلىرىمىزنى ھېكمەت بىلەن مەخپىي ۋە ئۇزۇننى كۆزلىگەن ئاساستا قىلىدىغان ۋاقىت كېلىپ ئېشىپ كەتتىغۇ دەيمەن...

ئاللاھ ھەممىمىزگە ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!




نۆۋەتتە سەرسان، سەرگەردانلىق؛ ھېجران ۋە سېغىنىشنىڭ تاشتىن قاتتىق ئازابلىرىغا ئاران ـ ئاران بەرداشلىق بېرىپ، لېۋىنى چىشلەپ ھاياتىنى داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئەللەردىكى ئالاھىدە ۋە ياكى بىر قەدەر دېموكراتىك تۈزۈلمە سايىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك ئاتموسفېراسىدىن نەپەس ئالغاندىن كېيىن، تەبىئىيلا ئۆزلىرىنىڭ ياشاپ ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە قان قېرىنداشلىرىنىڭ ۋەتەندە ھازىر ياشاۋاتقان ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئەسلەپ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن مۇستەبىت تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلماقتا. شۇنداقلا ئۇلاردا دېموكراتىك تۈزۈمگە بولغان تەلپۈنۈش تۇيغۇسى كۈچەيمەكتە. بۇنى بىز يېقىندىن بۇيان ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا يېزىلىۋاتقان يازما ۋە ئىنكاسلارنىڭ قاراتمىلىقىدىن روشەن ھېس قىلالايمىز. بۇ ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق بىر ئەھۋال. چۈنكى بۇ ـ خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىگە داغ سالغان قۇللۇق ئاسارەتلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا سۇپۇرۇلۇۋاتقانلىقىدىن، خۇددى قۇش كەبى بېشىدىن ئەگىپ يۈرگەن ئىستىبدات تۇمانلىرىنىڭ بارا ـ بارا

www.uyghurkitap.com

سۇزۇلۇۋاتقانلىقىدىن، شۇنداقلا ھۆرلۈككە بولغان تەشنالىق بىخلىرىنىڭ ئۈنۈپ چىقىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت.

بىز ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى گويا بىر قاچىغا ئوخشاتساق، تۇزۇلمە ۋە ئىدىئولوگىيە... قاتارلىقلار قاچىلارغا ئۇسۇلىدىغان تاماققا ئوخشايدۇ. ئادەملەر خالىمىغان، ئىستىمىگەن بىر قىسىم ئىدىيەلەرمۇ مەجبۇرىي تېڭىلىۋەرسە بىر مەزگىلدىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئەقلىگە، زېھنىگە ئورۇنلىشىپ ئۇلارغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسىرنى شۇ خىل مۇھىتتىن ئايرىلماي ياشىغان ئادەملەر دەماللىققا ھېس قىلىپ بولالمايدۇ. ئەمما پەرقلىق مۇھىت ۋە پەرقلىق تۈزۈلمىلەردە ياشاپ كۆرگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتى توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلايدۇ. شۇڭىدا شەك يوقكى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ھازىر قايسى دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتى (يەنى ۋەتىنىمىزدىكى ھاياتىدىن) كۆپ ئەركىن ۋە ھۆر ياشاۋاتىدۇ. پەقەت ياشىغان دۆلەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىق ئېتىبارى بىلەن ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈكنىڭ دەرىجىلىرى ئوخشىمايدىغانلىقى تەبىئىي. ئەمما ۋەتەنگە سېلىشتۇرغاندا پەرق ئىنتايىن زور.

مەن مۇنداق ئويلايمەن: بىزنىڭ ھازىرقى مۇھاجىرەتتىكى ھاياتىمىز بىزگە نىسبەتەن دەل مۇشۇنداق خىلمۇ-خىل تۈزۈلمىلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقاپ، سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي، دىنىي، ئەنئەنىۋىي ئالاھىدىلىكىمىزگە؛ شۇنداقلا تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىققا ئىنتىلىشچان، تىنچلىقپەرۋەر روھىمىزغا ماس بىر تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا بىز ئەقلىنى قاچىغا ئوخشاتتۇق، تەبىئىيكى ھازىر بىزنىڭ قاچىلىرىمىز كوممۇنىزىم ئىستىبداتىنىڭ غەلدە-غەشلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ياكى قىسمەن دەرىجىدە كىرلەنگەن. بۇ غەلدە-غەشلەردىن قۇتۇلماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئاسارەتلىرى ئاسانلىقچە يوقالمايدۇ. ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاستىلىرىدا يېزىشىۋاتقان تېما ۋە ئىنكاسلىرىمىزدىكى ئۆزۈمچىل، مۇستەبىت خاراكتېرىمىز؛ ئانچىكى بىر ئىشلارغا ھەدەپ قىزىشىپ كېتىشلىرىمىز، ئەرزىمەس بىر ئىشلار تۈپەيلى بىر-بىرىمىز بىلەن ئەشەددىي دۈشمەنلەرچە قۇتۇپلىشىپ كېتىشلىرىمىز... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەسلىي ئىنسانىي ساپ تەبىئەتتىن يىراق بىر ئاسارەتتە كىرلەنگەنلىكىمىزنىڭ جانلىق ئىسپاتى.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، بىر تىلەمچى خارابىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر كومزەك ئۇچرىتىپ قاپتۇ ۋە "ھېرىپ چارچىغاندا نەق پۇل ياكى بىر پارچە نان ئۇچرىماي ئەجەپ بىر ئەسكى ساپال ئۇچرىغىنى نېمىسى" دەپ غۇدۇرىغاچ، كومزەكنى قولىغا ئېلىپ، ئېغىزىنى شۇنداق ئاچقۇدەك بولسا، ئىچىدىن بىر نۇر چىقىپلا ئالدىدا ناھايىتى گۈزەل بىر

پەرى پەيدا بوپتۇ ۋە:

— سىزگە رەھمەت، مەن پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بولىمەن، بىر سەۋەبلەر بىلەن كومزەك ئىچىگە سولىنىپ قالغان ئىدىم، سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز، قانداق تىلىكىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن دادامغا دەپ تىلىكىڭىزگە يەتكۈزىمەن″ دەپتۇ.

— «مۇشۇ شەھەرنى ماڭا بەرسۇن» دەپتۇ تىلەمچى دەررۇلا.

— «ئۆزى بىر تىلەمچى تۇرۇپ، ئىستىكى ئەجەپ يۇقىرىكىنا، خەير بىر سوراپ باقاي» دەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن «ئەگەر دادام بۇ شەھەرنى سىزگە بەرسە قانداق قىلىسىز، دۆلەت قۇرۇپ پادىشاھ بولامسىز؟» دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— نېمە پادىشاھ، نېمە دۆلەت ئۇ، مەن پەقەت پۈتۈن شەھەردىكى تىلەمچىلەرنى شەھەر سىرتىغا قوغلىۋېتىپ ئۆزۈم يالغۇز تىلەمچىلىك قىلاتتىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تىلەمچى.

ئەھۋال مانا شۇنداق، ئادەم قانداق مۇھىت، قانداق شارائىتتا تەربىيەلەنگەن ۋە ياشىغان بولسا، ئويلايدىغىنىمۇ، نىشان قىلغىنىمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار «ئەڭ بەختسىز مەھبۇس كاللا سۆڭەكلىرى ئىچىگە سولىنىپ قالغان مەھبۇستۇر» دېگەنىكەن.

ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن. ئۇلارنى قىرىق يىل چۆللەردە سەرسان-سەرگەردانلىققا مۇپتىلا قىلىشتىن بولغان ھېكمەت بەلكىم ئۇلارنىڭ قېنىنى يېڭىلاپ، ئىرادىسىنى تاۋلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك. بىز ھەممىشە ھەر ئىشتا بىر ھېكمەت بار دەيمىز، بەلكى بىزنىڭ مۇشۇنداق تېرە-پېرەن، خانۇ-ۋەيران ھاياتىمىز كېيىنكى گۈزەل كەلگۈسىمىز ئۈچۈن تېرە تاشلاش، قان يېڭىلاش ۋە تاۋلىنىش باسقۇچى بولۇشى مۇمكىن. بۇ دېگەنلىرىم ئەلۋەتتە ئۈمىد نۇقتىسىدىن توغرا، ئەمما ھازىرقى ئەمەلىي رېئاللىق نۇقتىسىدىن قانچىلىك توغرا، بۇنى ھەممىمىز ئۆزىمىزدىن سوراپ بېقىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە.

بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتلىرىمىزدە ئۆزىمىز قىلىۋاتقان مۇقىم كەسىپ ياكى ئۆگىنىشلىرىمىزدىن سىرت شۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەر، شۇنداقلا شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلىرىدىكى ئىلغار ۋە ناقىس تەرەپلىرى توغرىسىدا ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۆزىمىزدە ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك جايلار بارمۇ-يوق، تۈزۈم ۋە تۈزۈلمە جەھەتتە ئۆرنەك قىلىشقا ياكى ساقلىنىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرى قايسىلار... دېگەندەك نۇقتىلاردا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ئىنساننى ھۆر، ئەركىن ياشاش ئۈچۈن ياراتقان، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىپ، ئادەمدەك ياشاشنى ئىستەش ھوقۇقى بار. بەلكى ھوقۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپلا قالماستىن مەجبۇرىيىتىمۇ بار. ئەمما شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە چەكلىمىدىن خالىي، چېگراسىز مۇتلەق ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس.

بىز بۇ تېما توغرىسىدا توختالغان ۋاقتىمىزدا ناھايىتى تەمكىن ۋە سالماق بولۇشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى، ئىسلام بىلەن دېموكراتىيە ھېچقاچان پاراللېل ئۇقۇم ئەمەس، بۇلارنى بىر يەرگە قويۇپ سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىسلام پۈتۈن مەۋجۇداتنى ياراتقان يېگانە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلار ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ياشاش يولى. دېموكراتىيە بولسا ئىنسانلار نەچچە ئەسىرلىك ئۇرۇش ـ جېدەل، جەڭگى ماجىرالاردىن جاق تويغاندىن كېيىن، پەيدىن ـ پەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھازىرقى سەۋىيەگە ئېلىپ كەلگەن بىرقەدەر تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىققا ۋەكىل دەپ قارىلىۋاتقان بىر خىل ئىجادىي تۈزۈم. ئەمما ئۇ ھېچقانداق پەرقسىز ۋە چەكلىمىسىز ھالدا پۈتۈن ئىنسانلارنى مۇتلەق باراۋەرلىككە ئىگە قىلالايدىغان، ھەر ئادەمگە تېگىشلىك ھەققىنى بېرەلەيدىغان ئەڭ يۈكسەك نىشان بولالمايدۇ. خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن دېموكراتىيە ئىسلامىي باراۋەرلىك، ئىسلامىي يۈكسەكلىككە يېتىش يولىدىكى پەلەمپەي بولۇشقا يارايدۇكى، ئەڭ ئاخىرقى چەك ۋە غايە بولالمايدۇ.

شەرىئەت سايىسىدىكى ئەدلى ـ ئادالەت ۋە باراۋەرلىك مۇتلەق ھالدا ئىلاھىي ۋەھىيدىن كەلگەن بولىدۇ. ۋەھىي ساھىبى بولغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئىنسانلارنى ئۆزى ياراتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئېھتىياج ۋە تەلپۈنۈشلىرىنى باشقا ھەرقانداق بىرىدىنمۇ بەك ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھىي ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تۈزۈم تەجرىبە ۋە سىناقلار ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تۈزۈمدىن مۇكەممەل بولۇشى تەبىئىي.

دېموكراتىيە سايىسىدىكى ئەدلى ـ ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئەڭ ئاۋۋال ھۆكۈمران تۈزۈلمىنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش شەرتى ئاستىدا ئادەتتىكى ئاۋامغا بېرىلگەن مەلۇم دائىرە ۋە رامكا ئىچىدە ئەركىن ياشىيالىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تۈزۈمدە ئەڭ كۆككە كۆتۈرۈلىدىغىنى باراۋەرلىك، ئەركىنلىك بولسىمۇ، ئەمما ئېھتىياجنى ئاساس قىلمىغان باراۋەرلىك بەربىر ئاخىرىدا ئىنسانلارنى ھەقىقىي باراۋەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلالمايدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن: بىر توپ ئادەملەر بىر توپ ئۆچمەندىن ئۆچمە يېمەكچى، ئەمما ئۇلارنىڭ قولى يەتمىدى، ئۇلار دەسسەپ چىقىدىغان بىر ئورۇندۇققا ئېھتىياجلىق. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورۇندۇق تەمىنلەپ بېرىلسە، ئادەملەرنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىك ـ پاكارلىقى نەزەرگە ئېلىنمىسا... بۇ يەردە ھەممە ئادەم ئوخشاش ئۆچمە يېيىش مەقسىتىگە يېتەلەمدۇ، ئۆچمىگە بولغان تەلپۈنۈش ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالامدۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىياجنى چىقىش قىلمىغان باراۋەرلىك

شۇئارلىرى ئىنسانلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى باراۋەرلىككە ئىگە قىلالمايدۇ دەيمىز.

بىز يۇقىرىدا پەقەت قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىنلا بىر قىسىم مەسساللار ئارقىلىق دېموكراتىيەنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق، بىزنىڭ بۇ تېمىدىكى مەقسىتىمىز دېموكراتىيە تەتقىقاتى بولمىغاچقا، دېموكراتىيە ۋە ئۇنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختالمايمىز. لېكىن قېرىنداشلىرىمىزغا شۇنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قويۇشىمىز كېرەككى، هازىرقى شارائىتىمىزدا دېموكراتىيە ئاتالغۇسىنى ئاڭلىسىلا ئۈركۈپ كېتىش، دېموكراتىيە رېئاكسىيە قىلىدىغان ھالغا كېلىپ قېلىش... قاتارلىقلار بىزدە ئىستىبداتنىڭ باسقان تامغىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دېموكراتىيە ئىسلام بىلەن پاراللېل ياكى ئىسلامغا تەڭداش ۋە ياكى ئىسلامغا ياندىش ئۇقۇم ئەمەس، ئۇنى ئىسلامغا تەڭلەپ تۇرۇپ يەكۈن چىقىرىش خاتا، يەنى دېموكراتىيە ئىسلامنىڭ قارشىسىدا ئەمەس، بەلكى ئىستىبداتنىڭ قارشىسىدا تۇرىدۇ. ئىستىبداتنى ھېچقاچان ئاللاھ يولغا قويغان ئەمەس، ئۇنى ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىشقان، دەل شۇ ئىستىبداتتىن جاق تويغان ئىنسانلار دېموكراتىيەنى بەرپا قىلىشقان.

گەرچە دېموكراتىيە تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك بىلەن ئىسلام تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ئىسىم جەھەتتىن ئوخشاشتەك قىلسىمۇ، ئەمما يېتىش جەريانى ۋە تەتبىقلىنىش، بەھرىمەن بولۇش ئۇسۇللىرىدا پەرق بار. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دېموكراتىيەدە مەلۇم شەخسلەرنىڭ مۇتلەق مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىسلامدا يەككە بىر ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكى ھېچ كىمنىڭ مەنپەئەت ۋە غەرەزلىرى ئىنسانلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندىمۇ ئىسلامىي ئەركىنلىك دېموكراتىك ئەركىنلىككە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرىلىككە ۋە ئالەمشۇمۇللۇققا ئىگە. لېكىن ئاچچىق ھەسرەت ئىچىدە شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئىسلام تارىخىدا خۇلەپائى راشىدىن (يولباشچى خەلىپىلەر) دەۋرىدىن كېيىنلا پەيدىنپەي چېكىنىشكە يۈز تۇتقان ئىسلام خەلىپىلىكى كېيىنچە تېپىك ئىستىبداتنىڭ ئۆرنىكىگە ئايلىنىپ قالدى. مىڭ يىلدىن ئارتۇق خەلىپىلىك تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، خەلىپىلىك تۈزۈلمىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ئىلغارلىق ۋە چىن مەنىدىكى ئىلاھىي ئەدلى-ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىرى ئانچە كۆپ بولماي كەلدى. بولۇپمۇ ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى يىقىلغاندىن كېيىنكى، ئۇششاق ئىسلامىي دۆلەتچاقلار خەلقىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش ۋە ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ۋە شەرىئەت نامىنى قوللانغاندەك قىلغىنى بىلەن چىن مەنىدىكى ئىسلامىي

www.uyghurkitap.com

ئادالەت بىلەن ئۇلارنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈملىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ئىستىبداتتىن جاق تويغان ئىنسانلار ئىستىبداتقا كېيىنچە قىلغان ۋە پەشۋا ئاتقان ھامان ئىسلامغىمۇ قاپاق گۆلەيتىدىغان بولۇۋالدى.

مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىسلامغا مەنسۇپ بولۇپ قالغان بۇ خاتا چۈشەنچىلەرنى بىراقلا تۈزىتىپ كەتمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. چۈنكى، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئىسلامنىڭ ئەدلى-ئادالىتىنى نامايان قىلغان ۋە ياكى شۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلغان بىرمۇ دۆلەت ياكى توپلۇم كۆرۈپ باقمىدۇق. نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار گەرچە ئوچۇق ئىپادە قىلالمىسىمۇ، ئەمما يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئىسلامىي ئادالەت ۋە ئىسلامىي تۈزۈملەرگە قارىتا سەلبىي ياكى گۇمانىي قاراشلارنى يوشۇرۇپ ياشاۋاتىدۇ. شەرىئەت دېيىلگەن ھامان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرقى ھەر نەرسىگە يېپىق، قالاق، مۇستەبىت ئىسلام ئەللىرى زاھىر بولىدۇ.

ئىنسان ئىنتايىن ئاجىز يارىتىلغان، مەلۇم بىر ئىشلارغا قارىتا شەكىللەندۈرىدىغان ئاڭ ۋە تونۇشلىرى ئىلاھىي كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىغا قارىغاندا ئەمەلىي كۆرگەن ۋە ئۇچرىغانلىرىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. پەقەت ئىلاھىي ئادالەتنىڭ ئەبەدىي ۋە مۇتلەقلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن، ئاللاھ ساقلاپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا كۆپىنچە ئادەملەر ئۆزى ئۇچرىغان ۋە ياشىغان ئەمەلىي شارائىتنىڭ تەسىرىگە ۋە زەرەتلىنىشكە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئادەملەرلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا ئىسلامىي ئادالەت دېگەن پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خۇلەپائى راشىدىنلار دەۋرىدىلا ئەمەلىيلىشىپ ئاخىرلاشقان ئىدىئال بىر غايىلەردىن ئىبارەت دېگەن ئۇقۇم شەكىللىنىپ قالغان. بۇلارنى ئىسلامىي تۈزۈملەرنىڭ مۇتلەق ئادىللىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي مىسال سۈپىتىدە كۆزگە كۆرسىتىپ قويىدىغان بىرەر دۆلەت ۋە ياكى پارتىيە-تەشكىلاتلار بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن تېمىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئاۋام مۇسۇلمانلارغا ئىسلامىي تۈزۈم ھەققىدە سۆز ئاچقاندا ناھايىتى ئېغىر-بېسىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنى خەلققە چۈشەندۈرۈش ۋە خەلقنىڭ ئېڭىنى مۇشۇ چۈشەنچىلەرگە تازىلاپ، تەييار قىلىش ئۈچۈن چەكلىمىسىز دەۋەت ۋە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان مۇھىت ۋە شارائىتقا ئېھتىياجىمىز بار. ھازىر دۇنيادىكى دۆلەتلەرگە قاراپ باقساق، بۇ شارائىت ۋە مۇھىت دېموكراتىك ئەللەردە تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دېموكراتىيەنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى شوتا قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامىي نىزامدىن ئىبارەت غايىگە يېتىشىمىز مۇمكىن. يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىز تېمىمىزنىڭ بېشىدا كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى قاچىغا ئوخشاتقان ئىدۇق، ئۇلارنىڭ شۇ

قاچسىغا ئىسلامغا بولغان ئىپتىخار ۋە سۆيۈنۈشلەرنى ئۇسۇش ئۇچۇن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قاچىسنى ھەرخىل ئىستىبداتنىڭ غەلدى ـ غەشلىرىدىن تازىلىشىمىز كېرەك. تازىلاش جەريانىدا ئەلۋەتتە دېموكراتىيەنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىمىز، ئۇلارنىڭ قاچىلىرى ئىسلامىي تۈزۈملەرنىڭ ئادالىتىگە بولغان ئىشەنچ ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن توشقاندىن كېيىن، تەبىئىيلا ئۇلار ئىسلامىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ دېموكراتىيەنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ۋە يېتەرسىز بىر تۈزۈلمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيەگە ھېچ ھاجىتى يوقلۇقىنى چۈشىنىدۇ. ئەمما ھازىر ئىستىبداتنىڭ بازغىنى ئاستىدا ئېڭىراۋاتقان خەلققە نىسبەتەن دېموكراتىيەنى ھېلى كۇفرىي تۈزۈم، ھېلى شەيتانىي تۈزۈم دەپ، ھە دېگەندە دېموكراتىيەنى ئىستىبداتتىنمۇ خەتەرلىك دۈشمەن قىلىپ كۆرسەتكىلى تۇرساق، بىزنىڭ گېپىمىزگە ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ. ئادەملەرگە خۇددى ئۆزىمىزنى ئىستىبداتنىڭ چاپانچىلىرىدەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىمىز. بۇنى مۇنداق فورمۇلا بويىچە چۈشەندۈرسەك تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى مۇمكىن. (ئىستىبداتتىن تازىلىنىش جەريانى = دېموكراتىيە، دېموكراتىيەدىن يۈكسەلگەندىكى ئاخىرقى نۇقتا = ئىسلامىي ئادالەت)

بىز ئۆزىمىزنى دۇنيادىكى ھەممە ئىزىم ۋە ئېقىملارغا دۈشمەن دەپ جاكارلاشتىن ئاۋۋال ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئىستىبداتقا قارشى پۈتۈن كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. گەرچە دېموكراتىيە ئىنسانلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تۈزۈلمە بولسىمۇ، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك نۇقتىسىدا بولسىمۇ ئىسلام بىلەن كېسىشىدۇ، ئەمما ئىستىبداتنىڭ يېقىن ياكى يىراقتىن ئىسلام بىلەن ھېچ كېسىشىش نۇقتىسى يوق. بۇ نۇقتىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال قارشى تۇرىدىغىنىمىز دېموكراتىيە ئەمەس، بەلكى ئىستىبداتتۇر. مىسال ئالساق، ئىككى قويىمىز بار، تام تۈۋىدە ئوتلاۋاتىدۇ، تام گۈپپىدە ئۆرۈلۈپ بىر قويىنى بېسىۋالدى، بىر قوي قېچىپ كەتتى. بىز ئەڭ ئاۋۋال تام ئاستىدىكى قويىنى قۇتۇلدۇرامدۇق ياكى قاچقان قويىنى باغلاشنىڭ كويىغا چۈشەمدۇق!

بىز مەزكۇر ئۇقۇملارنى تېخىمۇ روشەن چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندە ئىسلام ۋە دېموكراتىيەنى قىسقىچە چۈشىنىپ ئۆتىمىز:

## ئىسلام دىنى

ئىسلام سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى بويسۇنۇش، باش ئېگىش دېگەنلەرنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇلىرىدىكى مەنىسى بولسا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئەمرىگە تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىق ھالدا ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارى، ياخشىلارنىڭ ئۈلگىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈنلەنگەن

ۋە كامالىغا يەتكەن، تا قىيامەتكىچە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىرلا توغرا دىنى بولۇپ تاللانغان ئىمتىيازى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئىلغار بىر دىندۇر.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى تۈرلۈك خۇراپاتلاردىن ۋە ھەرخىل خورلۇق ھەم ئېزىلىشلەردىن ئازات قىلىپ، ئىنساننى ھەقىقى ئىنساندەك ياشاتقۇزۇش ۋە ئىززىتىنى قوغداش، شۇنداقلا ھاياتىنى رەتكە سېلىش ئارقىلىق ئۇنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر دىندۇر. بۇ مەنە قادىسىيە غازىتى جەريانىدا ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قوماندىنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس تەرىپىدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئىرانلىقلارنىڭ ھەربىي قوماندانى رۇستەمگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى رەبىئە ئىبنى ئامىرنىڭ سۆزىدە تېخىمۇ تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ رۇستەمگە مۇنداق دېگەن: «بىز پەقەت ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتەك ئىززەتكە ۋە باشقا دىنلارنىڭ جەۋر-زۇلۇملىرىدىن ئازات قىلىپ، ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق»[①].

يەنە ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىئوپىيە) پادىشاھى نەجاشىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەجاشىنىڭ ئالدىدا سۆزلىگەن نۇتۇقىدا ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ مۇنداق سۆزلىگەن: «ئى پادىشاھ! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا-پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارام يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق مىللەت ئىدۇق. بىزگە بىز نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، پاكلىقىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. ئۇ بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى. بىزنى زىنا-پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال-مۈلكىنى يېيىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلدى»[②].

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن ئالاقىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ۋە قانداق قىلغاندا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن ھەم شۇنىڭ يولىنى روشەن قىلىپ سىزىپ بەرگەن. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ تولۇق

① بۇ قىسسە «البداية والنهاية» ۋە «تاريخ الطبري» ناملىق كىتابلاردا بايان قىلىنغان.

② دوكتور راغىب سەرجانىنىڭ لېكسىيەسىدىن.



www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېكىتىلگەن.

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن ئالەمشۇمۇل بىر دىن. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولغانلىقتىن، ئۇ بارلىق پىرىنسىپلىرىدا، تەلىماتلىرىدا ۋە قانۇنلىرىدا ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تامامەن ماسلىشىدىغان، ئۇنىڭ جىمى مۇشكۈلاتلىرىنى ھەل قىلىدىغان ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بىر دىن. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت دىنى دېگەن ئىمتىيازغا ئىگە. بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالا ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ﴾ يەنى ﴿بىز سېنى ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[①] دېگەن.

بىز ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىمىز، قايتىشىمىزمۇ ئۇنىڭ تەرىپىگە بولىدۇ. بۇ قىسقىغىنا دۇنيا ھاياتىدىكى بارلىق ئىشلىرىمىز ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ، بارلىق مۇشكۈلاتلىرىمىز پەقەت ئۇنىڭ تۈزۈپ بەرگەن قانۇنى بىلەنلا ھەل بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىسىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك، ياراتقۇچىمۇ بىز ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ مۇشكۈلاتلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا تايانماستىن ئوڭشىغىلى بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىسلام دىنىدەك مۇكەممەل بىر دىنىنى، ئۇنىڭ قانۇنىدەك ئادالەتلىك بىر قانۇننى، ئۇنىڭ شوئارىدەك ياڭراق بىر شوئارنى، ئۇنىڭ ئەخلاقىدەك يۈكسەك بىر ئەخلاقنى كۆرگىنى يوق. زامانىمىزدىكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام نامىدىن سادىر قىلغان جىنايەتلىرى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى، دىنسىزلارنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرى سەۋەبلىك ئىسلامنىڭ ئوبرازى قىسمەن بۇرمىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئىنسانلارنى قايىل قىلىپ كەلمەكتە. غەربلىك ئىنسابلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ، سىياسىيونلارنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ ئىسلام توغرۇلۇق ئېيتقان ئىجابىي سۆزلىرى بار.

ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى قۇرئان كەرىم، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياس قاتارلىقلاردۇر. بۇلار دەرىجە جەھەتتە پەرقلىق بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرئان كەرىم تۇرىدۇ، قۇرئان كەرىمدىن كېيىن ھەدىس ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاساسلىق دەلىل ـ ھۆججەت بولۇپ كېلىدۇ، ھەدىستىن كېيىن ئىجما، ئاندىن قىياس كېلىدۇ. قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسلەردە ھۆكۈملىرى بايان قىلىنغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ھېچكىمنىڭ ئىجما ياكى قىياس قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئاۋۋال قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە سۆزلەنمىگەن، ھۆكۈممۇ بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە، ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. ھەدىستىمۇ بولمىسا، ئاندىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن

(①) ئەنبىيا سۈرىسى 107 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھالدا، ئىجتىھاد قىلىنىدۇ. ئىجما بىلەن قىياس ئەنە شۇ ئىجتىھادتىن باشلىنىدۇ.

ئىجما — ئىسلام ئۇممىتىدىن بولغان زامانداش، مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرىدىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىتتىپاقا كېلىشى دېگەنلىكتۇر①. ئىجما ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى دەلىلى ۋە ھۆججىتىدۇر.

قىياس — قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكۈمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى بۇ ئىككى مەنبەدە ھۆكۈمى كەلگەن مەسىلىگە قىياس قىلىپ (ئوخشىتىش) ئارقىلىق ئۇ مەسىلە ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: نەشە، ئەپيۇن، خىروين قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ھاراملىقىنى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ئايىتى بىلەن ھارام قىلىنغان ھاراققا قىياس قىلىش ئارقىلىق بېكىتكەنگە ئوخشاش.

قىياس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتى بىلەن ئىسپاتلانغان مەنبەدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز»② دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈشنى ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ، قىياستۇر.

ئىسلام دىنى مەيلى دېموكراتىيە بولسۇن ياكى باشقا ھەرقانداق قانۇن-تۈزۈم بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن، مەڭگۈ كۈچكە ئىگە ۋە ھەممىدىن بىھاجەت قىلىندىغان، ئەڭ مۇكەممەل قانۇن-پرىنسىپلاردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنى بولۇشى ئۈچۈن تاللىغان ۋە ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل قىلىپ چۈشۈرگەن. شۇڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى قايسى مىللەتتىن چىققان بولسا، شۇ مىللەتكىلا پەيغەمبەرلىك قىلاتتى. ھەتتا بىرلا ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىككى پەيغەمبەر ئوخشىمىغان ئىككى خەلققە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. ئەمما بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئالەمشۇمۇل پەيغەمبەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ دىنىمۇ ئالەمشۇمۇل دىن بولغاندەك، ئۇنىڭ شەرىئىتىمۇ ئالەمشۇمۇل شەرىئەتتۇر. يەنى ئىسلام شەرىئىتى ھەربىر زامانغا، ھەربىر ماكانغا ماسلىشىدىغان، ھەر قايسى جەمئىيەتنىڭ، ھەر قايسى دەۋرنىڭ شارائىتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تامامەن ئۇيغۇن، ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇكەممەل قانۇندۇر.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسلام قانۇنىدا ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە،

---

(①) ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللانىڭ «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسىرى 109-بەت.

(②) ئەنبىيا سۈرىسى 104-ئايەت.

سودا-سېتىق، ھالال-ھارام، ئائىلە ھاياتى، ھاكىمىيەت ۋە دەۋا ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى، ھۆكۈملىرى ۋە قائىدە-تەرتىپلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ دەلىللىرى بىلەن ئېنىق بەلگىلىنىپ كەتكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ ئومۇمىي پرىنسىپلار قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىشكىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بەلكى تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. بۇ ئومۇمىي پرىنسىپلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشى، مۇجتەھىدلارنىڭ ئىجتىھادى ۋە قانۇنشۇناسلارنىڭ پىكرى قەتئىي ئۆتمەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا دىنىي مەسىلىلەرگە كەلسەك، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس دەلىللىرى كەلگەن مەسىلىلەرگىمۇ ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ ۋە قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس دەلىللىرى كەلمىگەن، كەلگەندىمۇ بىردىن كۆپ مەنىگە دالالەت قىلغانلىقتىن، ئىجتىھاد قىلىپ بىرىنى تاللاشقا توغرا كېلىدىغان دىنىي مەسىلىلەر ھەر دەۋر مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىجتىھاد يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان. بۇ مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدىغىنىدەك، سىياسەت ئىشلىرىدا ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا مۇسۇلمان ئەمەسلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئىسلام پرىنسىپىغا زىت كەلمەيدىغان قائىدە-تەرتىپلەردىن مۇۋاپىق دەرىجىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: قاتناش قائىدىلىرىنى، بازار ۋە سودا-سانائەت ئىشلىرىنى رەتكە سېلىشنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى مۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان قائىدە-تۈزۈملەرنى مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا ئوخشاش. چۈنكى مۇسۇلمانلار پايدىلىق نەرسىلەرنى كىمدىن بولسا ئېلىپ پايدىلىنىشقا ھەقلىق. ئۆلىمالار: «ئىسلام مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئىدارە-جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ۋە زاۋۇت-كارخانىلارنى كونترول قىلىش تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىشتىن توسمايدۇ»① دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مەدىنە شەھىرىگە مەككە كۇچلىرى ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ئىرانلىقلارنىڭ ئادىتىدىن بولغان خەندەك كولاش چارىسىنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىغان ۋە دۈشمەن كۈچلىرىنى شەھەرگە كىرىشتىن توسۇپ قالغان.

## دېموكراتىيە

دېموكراتىيە-گرېك تىلىدىكى: **DEMOS** (يەنى خەلق) ۋە **KRATIA** (يەنى ھۆكۈم) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، «خەلق ھاكىمىيىتى» ياكى «خەلق ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەلۇمكى، دېموكراتىيە دېگەن بىرەر ئەقىدە ياكى پەلسەپە ياكى پرىنسىپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان بىر تۈزۈمدۇر.

① قاتار «دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى» گە قاراشلىق پەتۋا مەركىزىنىڭ 172845-نومۇرلۇق پەتۋاسىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىمۇ ۋە زىت كەلمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا ئەڭ قاتتىق زىت كېلىدىغان يېرى، ئۇنىڭدا ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولغانلىقىدۇر. چۈنكى ئىسلامدا ھاكىمىيەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭدا باشلىقنى خەلقنىڭ ئۆزى سايلىشىدۇر. ئىسلامدىمۇ باشلىقنى خەلق ئۆزى سايلايدۇ. دېمەك، دېموكراتىيەنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغىلى بولمىغاندەك، ئۇنى پۈتۈنلەي پايدىسىز دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلامدىكى شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېموكراتىيەدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار بايان قىلغان. چۈنكى «ئىسلام دىنى سىياسەت ئۈچۈن ئومۇمىي پىرىنسىپلارنى ۋە ئاساسىي قائىدىلەرنى بېكىتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن قېلىپ بەلگىلىمەستىن، بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ زامان ۋە ماكاننىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىجتىھاد يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغان».[1] ئىسلامدىكى سىياسىي ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپى بولغان «شۇرا» يەنى (كېڭەش)نىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكلىنىڭ ئىسلام ھاكىمىيەت تارىخىدا ھەر خىل بولۇپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

مەسىلەن: تۇنجى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاتتا ساھابىلارنىڭ سايلىشى بىلەن خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن خەلىپە بولغان، ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەشكىل قىلغان ئالتە كىشىلىك شۇرا ھەيئىتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن خەلىپە بولغان. تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى كاتتا ساھابىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن خەلىپە بولغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئەلى رەزىيەللەھۇ ئەنھۇنىڭ چوڭ ئوغلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى) ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنى خەلىپە قىلىپ سايلىغان.

## شۇرا ۋە دېموكراتىيە

شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ مۇۋاپىقلىشىدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. خەلقنىڭ ئۆز مەسئۇللىرىنى تاللاش ھوقۇقى بارلىقى.

2. خەلق ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا مۇسەللەت بولۇۋالماسلىقى.

3. ھەرقانداق دىكتاتورلۇقنىڭ پۈتۈنلەي رەت قىلىنىشى.

4. خەلقنىڭ باشلىق خاتالاششا ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەققى بارلىقى.

[1] دوكتور ئەھمەد رىسۇنىنىڭ «الفكرالإسلامي» (ئىسلام نەزىرىيەسى) ناملىق ئەسىرى 92 ـ بەت.

شۇرا بىلەن دېموكراتىيەنىڭ زىتلىشىدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. شۇرا قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسلىنىدۇ، ئەمما دېموكراتىيە كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋازىغا تايىنىدۇ.

2. شۇرادا «ھاكىمىيەت ئاللاھنىڭدۇر» دېگەن ئاساستا، دېموكراتىيەدە «ھاكىمىيەت خەلقنىڭ» دېگەن ئاساستا ئىش كۆرۈلىدۇ.

3. شۇرا شەرىئەتتىن دەلىل كەلمىگەن، ئىجتىھات قىلىشقا بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بولىدۇ، ئەمما قەتئىيلەشكەن مەسىلىلەر ئۈستىدە بولمايدۇ، دېموكراتىيە بولسا پۈتۈن ئىشلاردا بولىدۇ.

4. شۇرا دىنىي، سىياسەتنى بىلىدىغان، پىكىر ئىگىلىرى (ئەسھابۇ رەئيى) ئارىسىدا بولىدۇ، ئەمما دېموكراتىيە ئاۋام خەلقنىڭ ئاۋازى بىلەن بولىدۇ.

## دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كەلمەيدىغان تەرەپلىرى

دېموكراتىيەنىڭ «خەلق ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى تاللاپ چىقىدۇ، ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرى ئۇلارغا مۇسەللەت بولالمايدۇ، ئۇلار قوبۇل قىلالمايدىغان قانۇن-تۈزۈملەرنى ئۇلارغا تاڭالمايدۇ، پۇقرالارنىڭ باشلىقلىرىدىن ھېساب ئېلىش، خاتالاشسا تۈزىتىش بېرىش ھوقۇقى بار» دېگەنگە ئوخشىغان تەرەپلىرى ئىسلام پىرىنسىپىغا زىت كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئىسلامدىكى شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، قائىدە-تۈزۈم ياكى چارە-تەدبىر ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدۇ[1].

چۈنكى دېموكراتىيەنى يۇقىرىقى تەرىپى بويىچە چۈشەنگەن كىشىلەرگە ئايانكى، ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيە ئىسلام دىنىي ئوتتۇرىغا قويغان ھەق-ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. تارىختىن بۇيانقى مۇستەبىت ھاكىمۇتلەقلەرنىڭ، دىكتاتورلارنىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەش، ھاياتلىقنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە، ئىنسانلار تېخى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئوتتۇرىغا چىقارغان دېموكراتىيە تۈزۈمى ئىسلام دىنى ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى تۈنجى قېتىم قارار قىلغان ھەق-ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىزنىنى باسىدىغان خەلىپىنى ئۆزى تەيىنلەپ بەرمىگەن، بەلكى ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ تاللىشىغا قالدۇرغان. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئىسلام دىنىدا دۆلەت باشلىقى خەلق تەرىپىدىن تاللىنىدۇ. ئىسلام دىنى جامائەت ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا نامازدا ئىمام بولۇشىنى يامان كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى جامائەت ياقتۇرمايدىغان ئىمام...»[2]. نامازدىكى ئەھۋال شۇنداق بولغان يەردە، پۈتۈن

---

[1] دوكتور يۈسۈپ قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى) ناملىق ئەسىرى، 3-توم 645~ 646 -بەتلەر.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق ۋە بارلىق سىياسەت ئىشلىرىدا ئەھۋال قانداق بولۇشى كېرەك؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرىدىغان ۋە ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان كىشىلىرىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ يامان باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرمايدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرمايدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلىرىڭلاردۇر»[1].

«قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋالىدىغان ھاكىمۇتلەقلەرگە ۋە ھەددىدىن ئاشقان دىكتاتورلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يوقىتىشقا تېگىشلىك بۇزغۇنچى كۈچلەر دەپ تەسۋىرلىگەن. ئاللاھ تائالا پىرئەۋن، ھامان ۋە قارۇندىن ئىبارەت ئۈچ شەخسنى دىكتاتورلۇقنىڭ ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ سەلبىي نەمۇنىلىرى ئورنىدا، دۇنيا خەلقىگە ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى بولسا ئىبرەتلىك جازالىغان. ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ 39-ئايىتىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ ۋەزىرى) ھاماننى (ھالاك قىلدۇق)، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلدى.

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ھالبۇكى، ئۇلار (ئازابىمىزدىن) قېچىپ كېتەلمەيتتى﴾. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتكەن:

1.پىرئەۋن ئوبرازىنى دىكتاتورلۇقنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

2.ھامان ئوبرازىنى ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى دىكتاتورلارنىڭ خەلقنى ئېزىش سىياسىتى ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان، سەلبىي سىياسىيۇننىڭ نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

3.قارۇن ئوبرازىنى خەلقنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە بېيىغان، ئاچكۆز كاپىتالىستنىڭ سەلبىي نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

قىزىق يېرى شۇكى، قارۇن پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئەمەس، بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كەلگەن بىر كاپىتالىست، شەخسىي مەنپەئەت ئۇنى پىرئەۋن بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن جۇدا قىلغان»[2].

يۇقىرىقىدەك دىكتاتورلاردىن ۋە ھاكىمۇتلەقلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى دېموكراتىيەگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بولۇپ كەلمەكتە. زادى دېموكراتىيەنىڭ كۈچى بولمىسا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ھەقىقىي دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھاكىمىيەتنى، مەنسەپنى باشقىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەرمىدى؟ ئەگەر ھەقىقىي دېموكراتىيە بولسا، ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىرى

[2] دوكتور يۇسۇپ قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى) ناملىق ئەسىرى، 3-توم 646~ 647 -بەتلەر.

ئۆمۈر بويى ياكى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر تەختتە ئولتۇرۇشقا داۋام قىلارمىدى؟

### دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرى

دېموكراتىيە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپلەردىن ئىسلامغا زىت كېلىدۇ:

1. ئىنسانلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان قانۇنلارنى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن شەرىئەت قانۇنىدىن ئۈستۈن كۆرۈش. بۇنى ئىسلام دىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار قانچىلىك ئاكادېمىك بولۇپ كەتسۇن، قانچىلىك ئەقىللىق بولۇپ كەتسۇن، بەربىر ئۇلار خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا ھەرگىز خاتالاشمايدۇ ۋە بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شەرىئەت بەلگىلەيدۇ.

2. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن قانۇن-تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. مەسىلەن: دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا، مىراسنىڭ ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئوخشاش دەرىجىدە تەقسىم قىلىنىشى. ھالبۇكى، ئىسلام مىراس قانۇنىدا، ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە مىراس ئالىدۇ.

3. چېكى يوق ھۆررىيەت. ئامېرىكىغا ئوخشىغان بەزى دېموكراتىك دۆلەتلەردە، ھەمجىنسلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئۆيلىنىشىگە رۇخسەت قىلىدىغان قانۇنلار لايىھەلەنگەن. ھالبۇكى، ئىسلام شەرىئەت قانۇنى بۇنى رەت قىلىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىغا زىت كېلىدىغان قانۇن-تۈزۈملەرنى لايىھەلەش. چۈنكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى دىن بىلەن باغلانمىغان ھالدا، ئىنسان ئەقلىگە تايىنىپ تۈزۈپ چىقىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام دىنىدا، قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى ئاللاھ تائالانىڭدۇر.

### دېموكراتىيە دىكتاتورلۇقنىڭ ئەكسىدۇر

دېموكراتىيە دېيىلگەن ھامان ئەڭ دەسلەپ ئەقلىغا كېلىدىغان نەرسە دىكتاتورلۇقنىڭ زىتى بولغان ھۆررىيەتتۇر. چۈنكى ھۆررىيەت دېموكراتىيەنىڭ مەھسۇلىدۇر. دېموكراتىيەنى تۇغقان مۇھىتمۇ دىكتاتورلۇق تۈزۈمىدۇر. دىكتاتورلۇق تۈزۈمىنىڭ جەۋر-زۇلۇملىرى ئاستىدا ئېزىلگەن خەلق شۇ لەنىتى دىكتاتورلۇقتىن قۇتۇلۇش يولىدا ئۇزۇن يىللىق كۈرەشتىن كېيىن، ئەنە شۇ دېموكراتىيەنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. دېموكراتىيە دەۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى رەت قىلىش ئەمەس، بەلكى دىكتاتورلۇق تۈزۈمگە قارشى چىقىش، خەلقنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالغان مۇستەبىت ھاكىممۇتلەقلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ئۆزىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى ئەركىن سايلاپ چىقىدىغان ۋە ئۇلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا ھېساب ئالالايدىغان بىر تۈزۈم بويىچە ئىش كۆرۈشنى خالايدۇ، بەس. بۇ تۈزۈم زامانىمىزدا دېموكراتىيە دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، دېموكراتىيە دېموكراتچىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئىسلامنىڭ زىتى بولماستىن، بەلكى دىكتاتورلۇقنىڭ زىتىدۇر. بۇ

ئويغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان ئەمەس دېموكراتچىلارنىڭ ئەھۋالى.

ئەمدى دېموكراتىيە تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىسلامىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان بىر مۇسۇلمان دېموكراتچىغا كەلسەك، مۇنداق بىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ مۇنداق قىلمىغاندا، مۇسۇلمانلاردىن سانالماي قالىدۇ.

«شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر﴾[1] يەنى ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ھۆكۈم چىقىرىش، بەلگىلەش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر، دېگەن ئايەت ئىسلام پىرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ‹ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، بۇيرۇغۇچى، توسقۇچى ۋە ھالال-ھارامنى بەلگىلىگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر› دېگەن پىرىنسىپقا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ خەلقى ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتى ھەق ۋە راستتۇر. بۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ كائىناتتىكى تەسەررۇپلىرى، تەقدىر قىلىشى ۋە ئىرادە قىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كائىناتتا ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بولماستىن قىل تەۋرىمەيدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزۇشتىكى ھاكىمىيىتى بولۇپ، دىنىنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بىر شەخس ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

دېموكراتىيەدىن پايدىلىنىمەن دېگەن ھېچقانداق مۇسۇلمان يۇقىرىقى بۇ ئىككى تۈرلۈك ھاكىمىيەتنىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇ دېموكراتىيەنى پەقەت ئىسلام پىرىنسىپلىرى ئىچىدىكى باشلىق سايلاش، شۇرانى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا چارە-تەدبىر ئورنىدىلا قوللىنىدۇ، بەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتىيە تۈزۈمى بىلەن كېتىپ بېرىۋاتقان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «دۆلەت دىنى ئىسلام، جىمى قانۇنلارنىڭ مەنبەسى ئىسلام شەرىئىتىدۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىقرار قىلغانلىق ۋە تەكىتلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاساسىي قانۇنغا ‹ئىسلام پىرىنسىپىغا زىت كېلىدىغان ھەرقانداق بىر قانۇن-تۈزۈم قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ› دېگەن ماددىنى كىرگۈزۈۋەتسە، بۇ ئىسلامغا بويسۇندۇرۇلغان بىر دېموكراتىيە بولىدۇ»[2].

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 67 - ئايەت.

[2] دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة»

ئەمما كىرىزىس دېموكراتىيەنى تەتبىق قىلىشتا چىقماقتا. ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئەمەل قىلدىمۇ؟ ياق!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا ئەڭ يېقىن زامانلاردا ياشىغان خاۋارىجلارمۇ ﴿ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەن پىرىنسىپنى چۈشەنمەستىن، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشتا ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئىشىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىمدە ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى سوراپ تېگىشلىك ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. خۇسۇسەن ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا چىققان دەۋا ئىشلىرىدا مۇسۇلمان ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلارمۇ كۆپ. شۇڭا تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاۋارىجلارغا رەددىيە بەرگەن سۆزىدە: «ئۇلارنىڭ ﴿ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەن سۆزى ئەسلىدە ھەق سۆزدۇر. ئەمما ئۇلار بۇ ھەق سۆز ئارقىلىق باتىلنى مەقسەت قىلدۇ» دېگەن.

ئىسلام تارىخىدا، ئاۋۋالقى ئۆلگىلىك تۆت خەلىپىدىن كېيىنلا، مۇسۇلمانلاردا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ خاتالىقى سەۋەبلىك سىياسىي ئىستىبدات دەۋرى باشلىنىپ كەتكەن. ئىسلامدىكى شۇرا

---

(ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى) ناملىق ئەسىرى، 3 ـ توم 645~ 646 ـ بەتلەر.

ئىجرا قىلىنمىغان، خەلىپىلىك تۈزۈمى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان تۈزۈمگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى ساھابىلەر ۋە ئۆلىمالار بۇ تۈزۈمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان، قارشى چىققان ۋە ئۇنى ئىرانلىقلارنىڭ ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمگە ئوخشىتىپ «كىسرا تۈزۈمى» دەپ ئاتىغان. ئەمما بۇ يېڭى مىراسخورلۇق تۈزۈمى ئۆز يولىغا مېڭىۋەرگەن، مەزكۇر ئۆلىمالارنىڭ قولىدا كۈچ ۋە سەلتەنەت بولمىغانلىقتىن، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگەن. ئەمما ئۇلار ھازىرقى ئۆلىمالاردىن جەڭگىۋار ۋە جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇلار ھازىرقى ئۆلىمالارنىڭ ئەكسىچە، ئۆزلىرىنى ئىسلام خەلىپىسى دەپ ئاتىۋالغان ئەمەلدارلارغا نەسىھەت قىلاتتى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرەتتى.

## دېموكراتىيەنى ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش

بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىسلامىي پىرىنسىپىمىزغا خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ۋە ھەرقانداق بىر قانۇن-تۈزۈمنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىمىز. دېموكراتىيەنىڭمۇ دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئىسلامىي خىزمەتلىرىمىزگە يارايدىغان، دىنىمىزغا زىت كەلمەيدىغان يەرلىرىنى ئېلىپ پايدىلىنىمىز. قاتناش قائىدىلىرىنى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەردىن ئېلىپ ئۆزىمىزدە ئەينەن تەتبىق قىلىۋاتىمىز، مۇسۇلمان ئەمەسلەر ياساپ چىققان پەن-تېخنىكا سايمانلىرىدىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن پايدىلىنىۋاتىمىز، ھەتتا دىنىي مەقسەتلىرىمىز ئۈچۈنمۇ

قوللىنىۋاتىمىز. ئەمدى، ئىسلامنىڭ سىياسىي ئىشلار پرىنسىپى بولغان شۇرانى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باشلىقلىرىمىزنى خەلق تەرىپىدىن تاللاپ چىقىش ئۈچۈن دېموكراتىيەگە ئوخشىغان بىزنىڭ مۇددىئايىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۈزۈملەردىن پايدىلانساق، پايدىلانغاندىمۇ ئۇنى ئىسلام قانۇنىغا بويسۇندۇرغان ھالدا، پەقەتلا بىر ۋاستە ئورنىدا پايدىلانساق بۇنىڭ زىيانلىق تەرىپى يوق دەپ ئويلايمەن.

كۆرۈۋاتىمىزكى، ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلار ھەممىلا جايدا ئېزىلمەكتە ۋە ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنماقتا. ئۇلار پەقەت دېموكراتىيە سايىسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەق-ھوقۇقلىرىغا ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتكە ئىگە بولماقتا. مەسىلەن: ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاۋسترالىيە قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار شۇ دۆلەتلەردىكى دېموكراتىيە سايىسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن، ئازادە ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكتە. تۈركىيەدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان «ئادالەت ۋە تەرەققىيات» پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىمۇ، ئىلگىرى مەرھۇم نەجمىددىن ئەرباقان باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان تەجرىبىلىرىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دېموكراتىيە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرۈپ غەلىبە قىلدى ۋە تۈركىيەدە بىر ئىسلامىي ھۆكۈمەت دەسلەپكى قەدەمدە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بەزىسىنى قولىدىن كېلىشىچە قىلدى. مەسىلەن: تۈركىيە رەئىسى رەجەب تاييىب ئەردوغان باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت شۇ دېموكراتىيە سايىسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ تۈركىيەنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىردى ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بەزى غەلبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ غەلبىلەرنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكى، مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنىڭ ھىجابلىنىش ئەركىنلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئوتتۇز يىلدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان تېررورىستلارنى مەغلۇب قىلىش، دۆلەتنى مونوپول قىلىۋالغان چىرىك ھەربىي ھاكىمىيەتكە خاتىمە بېرىلىشى، دىنىي ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى قاتارلىقلاردۇر.

مەن ھازىر دېموكراتىيەدىن پايدىلىنىش ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىمەن. ئەمما بۇ خۇددى تۈركلەرنىڭ «توخۇ يوق، تۇخۇممۇ يوق» دېگەن تەمسىلىگە ئوخشاش، ھازىرچە بىز ئۈچۈن يوق نەرسە ئۈستىدە سۆزلەۋاتىمەن. مەقسىتىم بىزدىمۇ شۇنداق تەييارلىق بولسۇن ئۈچۈندۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دېموكراتىيە ئۆزىمىزنىڭ ئىسلامىي غايىمىزگە يېتىش يولىدىكى بىر ۋاستە ياكى بىر چارىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ تۈزۈمىمىز ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارايمىز. ئەمدى، «دېموكراتىيە» دېگەن سۆزنىڭ گرېكچىدىن كەلگەن بىر ئاتالغۇ بولغانلىقى سەۋەبىنىلا ئۇنى پۈتۈنلەي كۇفرلىق دەيدىغان قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە شۇنى سالىمەنكى، ئاتالغۇلارنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق. مۇھىم بولغىنى ئۇنىڭدىكى مەنىدۇر. ھەتتا قۇرئان كەرىمدىمۇ ئەرەبچە بولمىغان، ئەجەمچە سۆز-كەلىمىلەرمۇ بار. مەسىلەن: بىز «ئادالەت» دەپ تەرجىمە قىلىۋاتقان «قىسطاس» دېگەن سۆز رىمچە سۆزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




ئەنۇشتېكىن خوتەني 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن باھادىرلىرىمىزدىن بولۇپ، ئۇ فاتىمىيلار دۆلىتىنىڭ[①] ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلدارى[②].

ئەنۇشتېكىن ئىسلام دىيارلىرىدىن: دەمەشىق، بەئلەبەككە، پەلەستىن (قۇددۇس)، قەيسارىييە، ھەلەب قاتارلىق جايلارنىڭ ۋالىسى بولغان. ئۇ ناھايىتى تەدبىرلىك، باتۇر كىشى بولۇپ نۇرغۇن جەڭلەردە زەپەر قۇچقان. ئۇ رىم ئىمپېرىيىسى قوشۇنلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ قىلىپ سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان.

ئەنۇشتېكىننىڭ باتۇرلىقى ۋە جەڭلەردىكى غەلىبىلىرىگە مەشھۇر شائىرلار مەدھىيە ئوقۇپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ئەبۇلفىتيان ئىبنى ھەييۇسنىڭلا ئۇنى مەدھىيلەپ يازغان ئەرەبچە شېئىرى

---

① فاتىمىيلار دۆلىتى (909 ـ 1171) ئافرىقىدا قۇرۇلغان مۇسۇلمان دۆلىتى. بۇ دۆلەت گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە تېرتورىيىسىنى كېڭەيتىپ مىسىر قاھىرەنى مەركەز قىلغان ھالدا شىمالى ئافرىقا،سۈرىيە، پەلەستىن، يەمەن، ئەرەبىستان قاتارلىق جايلارنىڭ بىرقىسىم شەھەرلىرىنى ھاكىمىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

② ئەنۇشتېكىن فاتىمىيلارنىڭ خەلىپىلىرىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ،خەلىپە ھاكىم بىئەمرۇللاھ (966 ـ 1020)، خەلىپە زاھىر (1020 ـ 1035) ۋە خەلىپە مۇستەنسىر بىللاھ (1035 ـ 1094) قاتارلىقلارنىڭ دەۋرىدە ئەمەل تۇتقان.

قىرىققا يەتكەن[①]. شائىر ئەبۇ سەرايامۇ ئەنۇشتېكىننى ماختاپ قەسىدە يازغان[②]، يەنە «لۇزۇمىيات» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، داڭلىق شائىر، پەيلاسوپ ئەبۇلئەلا مەئەررىي ئەنۇشتېكىن خوتەنىينىڭ ھاياتى ھەققىدە «شەمشەرنىڭ شەرھى» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىتاب يازغان[③]، فەقىھ فارىس بەلخىيمۇ ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە كىتاب يازغان[④]، [⑤].

ئەرەب كىلاسسىكلىرى ئەنۇشتېكىن ھەققىدە مەخسۇس كىتابلارنى يازغان بولسىمۇ، ئەپسۇس ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە ئۇنىڭ ھەققىدە يېزىلغان بىر نەچچە سەھىپە ئۇچرىتالمايمىز. بۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەرىپەت گۈلزارىنىڭ سىرتىدا قالغان بۇ ئۇيغۇر ئەزىمەتنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتمەكچىمىز.

ئەنۇشتېكىن خوتەنىينىڭ تولۇق ئىسمى ۋە ھۆرمەت نامىلىرى:

ئەنۇشتېكىن خوتەنىينىڭ تولۇق ئىسمى ئەنۇشتېكىن ئەبۇ مەنسۇر(ئەنۇجۇر) ئىبنى ئابدۇللاھ خوتەنىي تۈركىي دىزبىرىي جىيلىي شامىيدۇر[⑥].

ئەنۇشتېكىن خوتەنىينىڭ يەنە خەلق ئارىسىدا تونۇلغان ياكى خەلىپە ـ ۋەزىرلەر تەرىپىدىن تارتۇقلاپ بېرىلگەن: «خىلاپەت شەمشىرى، ئىمام قورالى، دۆلەت تايانچىسى، دۆلەت سەرخىلى، قوشۇن ئەمىرى، ئالى جاناب، ئەمىر مۇزەففەر»[⑦] دېگەندەك ھۆرمەت نامىلىرىمۇ بار.

## ئەنۇشتېكىن خوتەنىينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى

ئەنۇشتېكىن خوتەنىي خوتەندە تۇغۇلغان بولۇپ[⑧]، كىچىك چاغلىرىنى خوتەندە ئۆتكۈزگەن، كېيىن نامەلۇم[⑨] بىر جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ قۇل قىلىپ سېتىلغان.

ئەنۇشتېكىن كېيىن قەشقەردىن بۇخاراغا قېچىپ كەتكەن، ئەپسۇس ئۇ بۇخارادىمۇ تۇتۇۋېلىنىپ قۇل قىلىنغان، كېيىن باغداتقا ئاپىرىلىپ سېتىلغان، ئاندىن باغداتتىن دەمەشىققە كەلتۈرۈلگەن.

ئەنۇشتېكىن دەمەشىققە كەلگەندىن كېيىن ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇش

---

[①] «ديوان ابن حيوس»، 1 ـ قىسىم، 9 ـ بەتكە قارالسۇن. بالاغەت ئىلمى توغرىسىدا يېزىلغان مەشھۇر ئەسەر «تەلخىسۇل مفتاھ»قا كىرگۈزۈلگەن شېئىر مىسرالىرى ئىچىدە ئىبنى ھەييۇسنىڭ مىسرالىرىمۇ بار.

[②] «تاريخ مدينة دمشق»، 62 ـ قىسىم، 4 ـ بەتكە قارالسۇن.

[③] «أبو العلاء المعري»، 71 ـ بەتكە قارالسۇن.

[④] «المقفى الكبير»، 2 ـ قىسىم 306 ـ بەتكە قارالسۇن.

[⑤] يۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا، ئىمام ئىبنى ئەسىر، ئىمام ئىبنى ئەساكىر، ئىمام زەھەبىي، ئىمام ئىبنى خەلدۇن، ئىمام سەفەدى، ئىمام مەقرىزىي، ئىمام ئەبۇ يەئلا قاتارلىق نۇرغۇن ئەللامىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەنۇشتېكىن خوتەنىينىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىدىن مەلۇمات بەرگەن.

[⑥] «تاريخ مدينة دمشق»، 9 ـ قىسىم 390 ـ بەت، «تاريخ الاسلام»، 29 ـ قىسىم، 394 ـ بەتكە قارالسۇن.

[⑦] «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 302 ـ بەتكە قارالسۇن.

[⑧] «تاريخ مدينة دمشق» ،9–قىسىم 390–بەتكە قارالسۇن.

[⑨] ئەنۇشتېكىننىڭ قايسى جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەينى دەۋىردىكى قاراخانىيلارنىڭ خوتەنلىكلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىلگىرى ـ ئاخىر 24 يىلغا سوزۇلغان غازاتلىرىنىڭ بىرىدە قاراخانىيلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن.

باسقۇچىغا قەدەم قويغان.

ھىجرىيە 400 ـ يىلى (مىلادىيە 1009 ـ يىلى) فاتىمىلار دۆلىتىنىڭ دەمەشىقتىكى قوماندانى دىزبىر دەيلەمى دېگەن كىشى ئەنۇشتېكىننى سېتىۋالغان①.

قوماندان دىزبىر ئەنۇشتېكىنگە ياخشى قارىغان، ئەنۇشتېكىن دىزبىرنىڭ مال مۈلۈك قوغدىغۇچىسى بولغان②. ئۇ خوجايىنى دىزبىرگە تەۋەلىنىپ دىزبىرى دېگەن تەۋەلىك ئىسىم بىلەن ئاتالغان③.

ئەنۇشتېكىن باتۇر، زېرەك، ئەقىللىق بولغاچقا ئۇنىڭ داڭقى چىققان، ئۇنىڭ داڭقىنى فاتىمىلار دۆلىتىنىڭ خەلىپىسى ھاكىم بىئەمرۇللاھمۇ ئاڭلىغان. خەلىپە

① «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 302 ـ بەتكە قارالسۇن.
② «تاريخ أبي يعلى» 116 ـ بەتكە قارالسۇن.
③ ئەنۇشتىكىننىڭ «دىزبىريي» دېگەن تەۋەلىك ئىسمى خوجايىنى دىزبىرگە تەۋەلىنىپ ئاتالغان ئىسىمدۇر. ئەرەب تىلىدىكى قەدىمىي قوليازما ئەسەرلەردە ئەنۇشتىكىننىڭ تەۋەلىك ئىسمى ھەركەتسىز، چېكىتسىز يېزىلغاچقا ھەرخىل تەلەپپۇزلاردا ئوقۇلۇپ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەسلى شەكلى ئۆزگىرىپ: «بەربەريي»، «فەربەرى»، «تىزبىرى»، «بەرىيدىي»، «ۋەزىيرى»، «دىرىيدى»، «تەرزى»، «دەرمەۋىي»، «دەرزىي»، «دۇرۇزىي»، «دەرەزى» دېگەندەك خىلمۇ ـ خىل ئاتالغان، ئۇنىڭ ئەسلى توغرا تەلەپپۇزى بولسا دىزبىرگە تەۋە دېگەن مەنىدىكى «دىزبىريي»دۇر.
ئەنۇشتىكىننىڭ «دىزبىريي» دېگەن تەۋەلىك ئىسمىنىڭ خاتا تەلەپپۇز سەۋەبلىك «دەرەزىي»، ياكى«دۇرۇزىي» دەپ ئاتىلىشى بىلەن بەزى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئەنۇشتىكىننىڭ «دۇرۇزلار» دېگەن پىرقە بىلەن باغلىنىشلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئەنۇشتىكىننىڭ «دىزبىريي» دېگەن ئىسمىنىڭ «دۇرۇزلار» بىلەن باغلىنىشلىقى بار دېگەن قاراش ئاجىز. بۇ ھەقتىكى يەنە بىر قاراشقا ئاساسەنمۇ « دۇرۇزلار» خوتەنلىك ئەنۇشتىكىننىڭ «دىزبىريي» دېگەن تەۋەلىك ئىسمىنىڭ خاتا تەلەپپۇزى «دەرەزى» دېگەن تەۋەلىك ئىسمىگە تەۋەلىنىپ ئاتالغان ئەمەس، بەلكى بۇخارالىق ئەنۇشتىكىن دەرەزى دېگەن باشقا بىر كىشىگە تەۋەلىنىپ ئاتالغان.

قوماندان دىزبىرغا ئەنۇشتېكىننى قاھىرەدىكى خەلىپە ئوردىسىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئەمر قىلغان.

ھىجرىيە 403 ـ يىلى (مىلادىيە 1012 ـ يىلى) قوماندان دىزبىر ئەنۇشتېكىننى بىرمۇنچە سوغا ـ سالام ۋە خىزمەتچىلەر بىلەن قوشۇپ قاھىرەگە ئوردىغا ئەۋەتىپ بەرگەن.

ئەنۇشتېكىن قاھىرەگە بارغاندىن كېيىن، خەلىپە ئوردىسىدا غىلمانلار ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغان. كېيىن ئەنۇشتېكىننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، ئەدەب ـ ئەخلاقى، باتۇر ـ چەبدەسلىكلىرى ئوردىدىكىلەرنى قايىل قىلىپ، ھىجرىيە 405 ـ يىلى (مىلادىيە 1014 ـ يىلى) خەلىپە خىزمىتىگە رەسمىي تەيىنلەنگەن.

## ئەنۇشتېكىن خوتەنىينىڭ مەشھۇر ئەرەب شەھەرلىرىگە ۋالىي بولۇشى

ھىجرىيە 406 ـ يىلى (مىلادىيە 1015 ـ يىلى) خەلىپە ئەنۇشتېكىننى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، ئەبۇلھەسەن ئەلى زەيىف بىلەن دەمەشىققە مەلۇم ۋەزىپە ئۆچۈن ئەۋەتكەن④.

ئەنۇشتېكىن بىر مەزگىل دەمەشىقتە تۇرغان⑤، بۇ جەرياندا دەمەشىق خەلقى

④ «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 302 ـ بەتكە قارالسۇن.
⑤ ئەنۇشتىكىن دەمەشىققە كەلگەندە ئالدىنقى ئىلگىركى خوجايىنى قوماندان دىزبىر كۆتۈۋېلىشقا چىققان، ئۇ قوماندان دىزبىرنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتكەن ۋە نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى سوۋغا قىلغان. شۇ چاغدا ئەنۇشتىكىن دەمەشىقتە مەشھۇر شائىر ئەبۇلفىتيانىنىڭ دادىسى ھەييۇسنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان. كېيىن ئەنۇشتېكىن دەمەشقتىن مىسىرغا چاقىرىلىپ بىر مەزگىل ئۇردا خىزمىتىگە سېلىنغاندىن كېيىن، يەمەننىڭ بەئلەبەككە شەھىرىگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ بەئلەبەككەدىكى ۋالىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، بەئلەبەككە خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قوشنا ۋىلايەتلەردىكى ۋالىلارنىڭمۇ قايىللىقىغا ئېرىشكەن①.

ئەنۇشتېكىن كېيىن قاھىرەگە ئۇردىغا چاقىرتىلغان، ئۇ ئۇردىغا قاراپ يولغا چىقىپ مىسىرنىڭ ئەرىش دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئۇردىدىن پەرمان كېلىپ ئۇنى ئۇردىغا ئەمەس پەلەستىننىڭ قەيسارىييە شەھىرىگە بېرىپ ۋالىلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەيسارىييەگە بېرىپ ۋالىي بولغان. ئەنۇشتېكىن قەيسارىييەدىمۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ قەيسارىييە خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. كېيىن ئۇردىدىن يەنە پەرمان كېلىپ ئۇنى ئۇردىغا چاقىرتقان.

ئەنۇشتېكىن ئۇردىغا قايتىپ رەملە دېگەن يەرگە كەلگەندە خەلىپە زاھىردىن يەنە بىر پەرمان كېلىپ ئۇنى پەلەستىنگە(قۇددۇسقا) بېرىپ ۋالىلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغان.

ھىجرىيە 414 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا(مىلادىيە 1023 ـ يىلى ئاپرېل) ئەنۇشتېكىن پەلەستىنگە ۋالىلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغان②. كېيىن ئۇ دەمەشىق، ھەلەب قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ ھۆكۈمدار بولغان.

## ئەنۇشتېكىن خوتەنىيىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە ھەربىي يۈرۈشلىرى

بىر مەزگىل فاتىمىيلار دۆلىتىگە ئىتائەت قىلغان تەيئى قەبىلىسى بېگى ھەسسان ئىبنى مۇفرىج ئەنۇشتېكىننىڭ قەيەرگە بارسىلا پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدىغانلىقىنى ۋە قانداق بىر جەڭگە كىرسىلا زەپەر قۇچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغان، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن. چۈنكى ھەسسان ئىلگىرى ئەنۇشتېكىن بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلغان بولۇپ، بۇ جەڭلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەنۇشتېكىن غەلىبە قىلغان.

ھەسسان ئەنۇشتېكىننى نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلدى دەپ تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنى فاتىمىيلار دۆلىتى ۋەزىرى ھەسەن ئىبنى سالىھقا چېقىشتۇرغان. ۋەزىر ئەنۇشتېكىن ھەققىدىكى تۆھمەتلەرگە ئىشىنىپ ئەنۇشتېكىننى قولغا ئېلىشقا ئەمر قىلغان. ھىجرىيە 417 ـ يىلى(مىلادىيە 1026 ـ يىلى) ئەنۇشتېكىن پەلەستىننىڭ ئەسقىلان شەھىرىدە تۇزاق قۇرۇلۇپ قولغا ئېلىنغان③ ۋە زىندانغا تاشلانغان.

كاتتا ئالىم سەئىدۇسسۇئەدا فاتىمىيلار دۆلىتى خەلىپىسى زاھىردىن ئەنۇشتېكىننى زىنداندىن چىقىرىشنى ئۆتۈنگەن، سەئىدۇسسۇئەدانىڭ ھۆرمىتى چوڭ زات بولغانلىقتىن خەلىپە ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئەنۇشتېكىننى زىنداندىن چىقىرىپ قايتىدىن ئۇردا خىزمىتىگە تەيىنلىگەن.

---

① «تاريخ أبي يعلى» 117 ـ بەتكە قارالسۇن.
② «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 303 ـ بەت، «تاريخ أبي يعلى» 117 ـ بەتكە قارالسۇن.
③ «تاريخ أبي يعلى» 118 ـ بەتكە قارالسۇن.

ئۇنىڭ مۇسادىر قىلغان بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەن[1].

شۇ ۋاقىتلاردا شام تەرەپتە فاتىمىلاردۆلىتىگە قارشى ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان[2]. شامدىكى تەيئى، كىلاب، كەلب قاتارلىق ئۈچ چوڭ قەبىلە بەگلىرىدىن ھەسسان ئىبنى مۇفرىج (تەيئى قەبىلىسى بېگى)، سالىھ ئىبنى مىرداس(كىلاب قەبىلىسى بېگى، مىرداسىيلار بەگلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى) ۋە سىنان(كەلب قەبىلىسى بېگى) قاتارلىق بەگلەر فاتىمىلار دۆلىتىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ فاتىمىلارغا قاراشلىق زېمىنلارنى ئۆزلىرى بۆلىشىۋالماقچى بولۇشقان.

قەبىلە بەگلىرى كېلىشكىنىدەك ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، نەتىجىدە فاتىمىلار دۆلىتىنىڭ ھەلەبتىكى ۋالىيسى مەنسۇر ئىبنى لۇئلۇئدىن سالىھ ئىبنى مىرداس ھەلەبنى تارتىۋالغان. ھەسسان ئىبنى مۇفرىجمۇ ئىلگىرى بىرمەزگىل فاتىمىلار دۆلىتىگە ئىتائەت قىلغان بولسىمۇ بۇ دۆرەم دۆلەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ پەلەستىنگە تەۋە بىر قىسىم جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان[3].

بۇ پەيتتە فاتىمىلار دۆلىتى ئىچىدە جىددىي ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلگىرىكى ۋەزىر ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئەلى ئىبنى ئەھمەد جەرجەررائىي ۋەزىپىگە ئولتۇرغان. دۆلەت ئەركانلىرى كېڭىشىپ شامدىكى ئىسيانچىلارنى باستۇرۇشقا ئوردىدىن قوشۇن تارتىشنى قارار قىلغان. ئۇلار بىردەك ئەنۇشتېكىننى قوشۇنغا باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەشنى توغرا تاپقان.

ھىجرىيە 419 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا (مىلادىيە 1028 ـ يىلى نويابىر) ئەنۇشتېكىن پىيادىلەر قوشۇنىدىن سىرت، يەتتەمىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنغا باش قوماندان بولۇپ شامغا يۈرۈشكە ئاتلانغان. ئۇنى خەلىپە ئۆزى ئۇزۇتۇپ قويغان[4]. ئەنۇشتېكىن باشتا رەملىگە بارغان كېيىن قۇددۇسقا بېرىپ ئەسكەر توپلىغان.

بۇ ۋاقىتلار ھەسسان ئىبنى مۇفرىج پەلەستىنگە تەۋە بىر قىسىم جايلارنى، سالىھ ئىبنى مىرداس ھەلەب ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان چاغلار ئىدى، ئۇلار ئەنۇشتېكىننىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنىڭغا قارشى بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللىگەن.

ھىجرىيە 420 ـ يىلى (مىلادىيە 1029 ـ يىلى ) ئەنۇشتېكىن قوشۇنى بىلەن سالىھلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئىئوردانىيە دەرياسى بويىدىكى ئۇقھۇۋانە دېگەن جايدا ئۇچراشقان[5]، بۇ جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولغان. بىرلەشمە قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ سالىھ ئىبنى مىرداس ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى جەڭدە ئۆلگەن، سالىھنىڭ ئىككى ئوغلى نەسىر ۋە سىمال، قېچىپ قۇتۇلغان، ئۇلار قېچىپ ھەلەبكە بېرىپ دادىسىنىڭ ئورنىدا ھاكىمىيەت باشقۇرغان. ھەسسان ئىبنى

[1] «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 303 ـ بەتتىكە قارالسۇن.
[2] دېيىلىشىچە: بۇ ھەرىكەتلەر فاتىمىلار خەلىپىسى ھاكىم بىئەمرۇللاھ ۋاپات بولغان پۇرسەتتە ئەۋجى ئالغان.
[3] «تاريخ أبي يعلى» 118 ـ بەتكە قارالسۇن.
[4] «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 303 ـ بەت.
[5] «تاريخ أبي يعلى» 119 ـ بەتكە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

مۇفرىج قېچىپ، رىم پادىشاھىدىن پاناھلىق تىلىگەن.

ئەنۇشتېكىن بۇ جەڭدە زەپەر قۇچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خەلىپە تەرەپتىن «ئەمىر مۇزەففەر، خىلاپەت شەمشىرى، شاھنىڭ خاس ئادىمى، دۆلەت سەرخىلى» دېگەنناملار بېرىلگەن[1]. رەسمىي پەرمانلاردا ئۇنىڭ ئىسمى بۇناملار بىلەن يېزىلىدىغان ۋە مۇشۇنداق چاقىرىلىدىغان بولغان[2].

ھىجرىيە 429-يىلى شەئبان ئېيىدا (مىلادىيە 1038-يىلى ماي) ئەنۇشتېكىن ھەلەبكە يۈرۈش قىلغان، چۈنكى ھەلەب ئۇقھۇۋاندىكى جەڭدىن قېچىپ قۇتۇلغان سالىھنىڭ ئوغلى نەسرنىڭ قولىدا ئىدى.

ئەنۇشتېكىن ھەلەب يۈرۈشىدە يولدا ھەما دېگەن جاينى ئالغان، نەسر ئەنۇشتېكىننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ھەما تەرەپكە ئاتلانغان. ئىككى قوشۇن ھەماغا يېقىن ھىمىسكە تەۋە لەتمىن دېگەن جايدا ئۇچراشقان. بۇ جەڭدە نەسر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئەنۇشتېكىن غەلىبە قازانغان.

بۇ جەڭدىن كېيىن نەسرنىڭ قېرىندىشى سىمال دەرھال ھەلەبكە قېچىپ، ئەتىسلا ھوقۇقنى قولىغا ئالغان، ئوردا ئىشلىرىغا تاغىسىنىڭ ئوغلى مۇقەللىد ئىبنى كامىلنى قويغان. ئەنۇشتېكىن ئۇنى قوغلاشقا تۇتقان مۇزەففەرنى ئەۋەتكەن، سىمال قورقۇپ كېتىپ ھەلەبتىكى قېرىندىشىنىڭ ئائىلىسىنى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، مال-مۈلۈكنى ئېلىپ ھەلەبتىن قېچىپ كەتكەن، ھەلەب ئوردىسىدا ئۇنىڭ ئورنىغا مۇقەللىد قالغان.

ئەنۇشتېكىن دەمەشىققە قايتقان. ئۇ دەمەشىقتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن شۇ يىلى يەنى ھىجرىيە 429-يىلى رامىزان ئېيىدا (مىلادىيە 1038-يىلى ئىيۇن) ھەلەبكە يۈرۈش قىلغان، ئۇ ھەلەب سىرتىدىكى تاغقا بارگاھ قۇرغان، ھەلەبلىكلەر ئەنۇشتېكىن بىلەن قارشىلىشىپ شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلغان. ئەنۇشتېكىن ھەلەبلىكلەرگە ئەمنىلىك بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلغاندىن كېيىن، ھەلەبلىكلەر قوۋۇق ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئەنۇشتېكىن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، شەھەر ئوردىسىدىكى مۇقەللىد ئىبنى كامىل بىلەن جەڭ قىلغان، ئەنۇشتېكىنگە تەڭ كېلەلمىگەن مۇقەللىد مەكتۇپ يېزىپ سۈلھى تەلەپ قىلغان. ئەنۇشتېكىن ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزۈشكەن. سۈلھىگە كۆرە: مۇقەللىد بىرقىسىم مال-مۈلۈكلەرنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپ كەتكەن[3]. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى نەسرنىڭ قولىدا توققۇز يىل تۇرغان ھەلەب ئەنۇشتېكىننىڭ قولىغا ئۆتكەن. خەلىپە مۇستەنسىر يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەنۇشتېكىنگە ھەلەبنى سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەن[4].

ئەنۇشتېكىن ھەلەب خەلقىگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ

---

① بۇ جەڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ مەشھۇر شائىر ئەبۇلفىتيان ئىبنى ھەييۇس ئۇزۇن بىر ئەرەبچە قەسىدە يازغان.

② «تاريخ أبي يعلى» 118-بەتكە قارالسۇن.

③ «زبدة الحلب من تاريخ حلب»، 144-بەتكە قارالسۇن.

④ «تاريخ أبي يعلى» 121-بەتكە قارالسۇن.

كۆڭلىنى ئۇتقان. ئىلگىرى سالىھ ئىبنى مىرداس ھەلەبتە بۇلىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرغان.خەلق ھەلەبنىڭ ئەنۇشتېكىننىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان. ئەنۇشتېكىن ھەلەبتە ئەمىر مەنسۇر ئىبنى زەغبىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن.ئەنۇشتېكىن كېيىن خىزمەتكارلىرىدىن سۇبۇكتىكىن ۋە بەنجۇتىكىنلارنى ھەلەبكە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەپ ھەلەبتىن كەتكەن.[1]

ئەنۇشتېكىن ھەلەبتىن يېنىپ بالىس، مەنبەج دېگەن يەرلەرنىمۇ ئىگەللىگەندىن كېيىن دەمەشققە قايتقان.

ھىجرىيە 430 ـ يىلى(مىلادىيە 1039 ـ يىلى) ئەنۇشتېكىن رىملىقلار بىلەن جەڭ قىلىپ، غەلىبە قازانغان، خەلىپە مۇستەنسىرگە غەلىبە خەۋىرى يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئەنۇشتېكىننى «ئىمام قورالى» دېگەن نام بىلەن تارتۇقلاپ ئۇنىڭغا تەشەككۇر بىلدۈرگەن[2].

ھىجرىيە 432 ـ يىلى(مىلادىيە 1041 ـ يىلى) ئەنۇشتېكىن ھەلەبكە يېقىن ئەرمەناز دېگەن جايغا بېرىپ رىملىقلار بىلەن ئىككىنچى قېتىم جەڭ قىلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىكى مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتقۇزغان[3].

ئەنۇشتېكىننىڭ ئەسكەرلىرى يەنە رىملىقلار بىلەن ھەمە بىلەن ئەفامىيە ئوتتۇرسىدىكى بىر جايدا جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلغان، نەتىجىدە رىملىقلار ئەنۇشتېكىن بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكەن[4].

ئەنۇشتېكىن خوتەنىگە قىلىنغان سۇيىقەست

ھىجرىيە 433 ـ يىلى(مىلادىيە 1042 ـ يىلى) ئەنۇشتېكىن جەڭلەردە زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىپ، دەمەشقتە ئوردا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان، ئۇ دەمەشىق ئوردا ئىچىگە قەسىر سالدۇرغان[5].

ئەنۇشتېكىننىڭ ئابرويى ئۆسۈپ، ھەر يۈرۈشلىرىدە غەلىبە قازانغانلىقىغا چىدىماي قالغان ۋەزىر ئەلى ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ۋەزىر ئەلىنىڭ ئەنۇشتېكىنگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشىگە باھانە بولغان سەۋەبلەر ھەققىدە ھەرخىل گەپلەر بولۇپ، دېيىلىشىچە: ئەنۇشتېكىن ۋەزىر ئەلىدىن ھەلەب يۈرۈشى توغرۇلۇق يوليورۇق ئالماق تۈگۈل، ئۇنى بۇ يۈرۈشتىن خەۋەرلەندۈرۈپمۇ قويماي، سەت گەپلەر بىلەن تىللىغان، بۇ ئىشلار ۋەزىر ئەلىگە ناھايىتى ئېغىر كەلگەن[6].

بەزى گەپلەرگە قارىغاندا، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ۋەزىر ئەلى ئەنۇشتېكىندىن ئۇنىڭ كاتىبى ئەبۇسەئىدنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى ئۇنى ئوردىغا ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئەنۇشتېكىن بۇ تەلەپنى رەت قىلغان[7] ۋە يەنە ئەنۇشتېكىن ئۆزىنىڭ

[1] «زبدة الحلب من تاريخ حلب»، 142 ـ ، 144 ـ بەتلەر.
[2] «المقفى الكبير» 2 ـ قسىم، 304 ـ بەت.
[3] «المقفى الكبير» 2 ـ قسىم، 304 ـ بەت.
[4] «اتعاذ الحنفا»، 2 ـ قسىم، 188 ـ بەت.
[5] «المقفى الكبير» 2 ـ قسىم، 304 ـ بەت، «تاريخ أبي يعلى» 121 ـ بەت.
[6] «زبدة الحلب من تاريخ حلب»، 146 ـ بەت.
[7] «الوافي بالوفيات» 9 ـ قسىم 242 ـ بەت، «إعلام

www.uyghurkitap.com

يېنىدىكى ۋەزىر ئەلنىڭ ئادىمىنى دەر ئۇرغۇزغان ۋە بىر قىسىم ئۆزىگە ئىسيان كۆتۈرۈش ئېھتىماللىقى باردەك قارالغان ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ئەلى ئاستىرتتىن ئەنۇشتېكىننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئەنۇشتېكىنگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ۋە شام دىيارىدىكى ۋالىلارغىمۇ ئەنۇشتېكىنگە بوي سۇنماسلىققا ئەمىر بەرگەن.

يەنە بەزىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى سەۋەب توغرىسىدا دېيىشىچە: ئەنۇشتېكىن پۈتۈن شام دىيارىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، زورايغاندىن كېيىن يۇرتلاردىكى تۈرك ئەسكەرلەرنى يېنىغا توپلاشقا باشلىغان، بۇ خەۋەر مىسىردىكى فاتىمىيلار ئوردىسىغا ئەنۇشتېكىن ئوردىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ دەپ يەتكۈزۈلگەن، ئوردا دەرھال دەمەشقتىكى ئەنۇشتېكىننىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى بۇيرىغان[1].

يەنە باشقا بىر گەپلەرگە قارىغاندا: ئوردىدىكىلەرنىڭ ئەنۇشتېكىن بىلەن يىراقلىشىپ كېتىشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى ئۇنىڭ شىئە ئىسمائىلىييە مەزھىبىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئىكەن.[2]

قايسى سەۋەبتىن بولمىسۇن ئەنۇشتېكىننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئەنۇشتېكىن ئۇلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان، جەڭ كەچكىچە داۋام قىلغان، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەنۇشتېكىن ئىسيانچى ئەسكەرلەرگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، 300 تۈرك غىلمانىنى ئېلىپ ئوردىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن[3]. ئىسيانچىلار ئەنۇشتېكىننىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ ئوردىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان.

ئەنۇشتېكىن دەمەشقتىن چېكىنىپ غىلمانلىرى بىلەن بەئلەبەككىگە بارغان. بەئلەبەككلىكلەر ئۇنى كۆرۈپ شەھەر قورغىنىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالغان. ئاندىن ئۇ ھەماغا بارغان، ھەمالىقلارمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، ھەتتا ھەمادىكى ئەمەلدار خەلفە ئىبنى جابىر ئۇنى بۇلۇۋالماقچى بولغان.

ئەنۇشتېكىن كەفرتابتىكى ئادىمى مۇقەللىد كەفرتابىينى ياردەمگە چاقىرىپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن، مۇقەللىد ئىككى مىڭ ئەسكەر بىلەن كەفرتابتىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ھەلەبكىچە قوغداپ ماڭغان[4]، دېيىلىشىچە: ئەگەر مۇقەللىد كەفرتابتىن ئەنۇشتېكىننى قوغداپ كەلمىگەن بولسا ئۇ ھەلەبكە كېلەلمەيدىكەن[5].

ھەلەبلىكلەر ئەنۇشتېكىننى جەۋشەن تېغىغىچە بېرىپ قارشى ئالغان. ئۇلار ئۇنىڭ كەلگىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەرنى بېزىگەن. ئەنۇشتېكىن رەبىئۇلئاخىر ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى

---

النبلاء بتاريخ حلب الشهباء»، 1 ـ قىسىم، 296 ـ بەت.
① «الكامل في التاريخ» 8 ـ قىسىم، 70 ـ بەت.
② «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 305 ـ بەت.
③ «زبدة الحلب من تاريخ حلب»، 146 ـ بەت.
④ «مسالك الأبصار» 15 ـ قىسىم، 233 ـ بەت.
⑤ «الوافي بالوفيات» 9 ـ قىسىم 242 ـ بەت.

دۈشەنبە ھەلەبكە يېتىپ كەلگەن، ھەلەبتە مىسىردىن كەلگەن قىزى ۋە ئايالى بىلەن تېپىشقان[①].

ھەلەب خەلقى ئەنۇشتېكىننى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا دەممەشقتىكى ۋەقە بەك ئېغىر كەلگەن. ئەنۇشتېكىن دەممەشقتىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن دەممەشق خەلقىگە ئوردىدىن مەكتۇب كېلىپ، بۇ مەكتۇب مەسجىد مۇنبىرىدە ئوقۇپ بېرىلگەن. بۇ مەكتۇبتا ئەنۇشتېكىننىڭ بارلىق ھۆرمەت ناملىرى تىلغا ئېلىنماي، ئىسمى بىۋاسىتە ئاتىلىپ، خائىن دەپ قارىلانغان ۋە ئەنۇشتېكىندەك بىر قۇلنىڭ خەلىپە تەرەپتىن ئەتىۋارلىنىپ مەرتىۋىسى ئۆسكەندىن كېيىن خوجىسىغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلغانلىقتىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى تارتىۋالغانلىقى سۆزلىنىپ، قۇرئان ئايەتلىرى دەلىل كەلتۈرۈلگەن.

ئەنۇشتېكىن بۇ مەكتۇبنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ ناھايىتى بىئارام بولغان، دەممەشققە قايتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن[②]. كېيىن ئەنۇشتېكىننىڭ ئۆزىگىمۇ خەلىپىدىن مەكتۇب كەلگەن. خەلىپىدىن كەلگەن مەكتۇبتىمۇ ئەنۇشتېكىننىڭ مال-دۇنيا توپلىۋالغانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە قۇرئان ئايەتلىرى دەلىل كەلتۈرۈلگەن ۋە خەلىپىنىڭ ئەنۇشتېكىنگە بولغان نارازىلىقلىرى بىلدۈرۈلۈپ، تەھدىت سېلىنغان.

ئەنۇشتېكىن بۇ مەكتۇبنى كۆرۈپ خەلىپىدىن كەچۈرۈم سوراپ جاۋاپ مەكتۇبى يازغان. ئەنۇشتېكىننىڭ جاۋاب مەكتۇبىدا ئۆزىنىڭ خەلىپىدىن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ مال-دۇنيا توپلىغانلىقىنىڭ باشقا يامان نىيەتتە ئەمەس بەلكى جىھاد تەييارلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قۇرئان ئايەتلىرى دەلىل كەلتۈرۈلگەن[③]. ئەنۇشتېكىن بۇ مەكتۇبنى كەلگەن ئەلچىدىن خەلىپىگە ئەۋەتىپ بەرگەن.

ئەنۇشتېكىن خوتەنىنىڭ ۋاپاتى

ئەنۇشتېكىن ھىجرىيە 433-يىلى جۇمادىيەل ئۇۋۋەلا ئېيىنىڭ 10-كۈنى (مىلادىيە 1042-يىلى 4-يانۋار) چارشەنبە ھەلەب قەلئەسىگە بارغان، جۈمە كۈنى كەچنى قەلئەدە ئۆتكۈزۈپ ئەتىسى پېشىن نامىزى ۋاقتىدا ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن، شەھەردىن تېۋىپ چاقىرىلغان، تېۋىپ ئۇنىڭ كېسىلىگە سۈرگۈ دورىسى يېزىپ بەرگەن.

ئەنۇشتېكىن دورىنى ئىچكىلى ئۇنىمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ قولى ۋە ئوڭ پۇتى پالەچ بوپ قالغان[④]. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئەنۇشتېكىن سالىھنىڭ بالىسى سىمالنىڭ ھەلەبكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ناھايىتى ئەنسىرەپ، كۆپ غەم

[①] «تاريخ أبي يعلى» 121-بەتكە قارالسۇن.

[②] بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە: ئۇ بۇ مەزگىلدە شارابقا كۆنۈپ قالغان «تاريخ الاسلام»، 29-قىسىم 396-بەتكە قارالسۇن.

[③] ئەنۇشتېكىننىڭ بۇ مەكتۇبى «تاريخ أبي يعلى» دېگەن ئەسەردە تولۇق بېرىلگەن. «تاريخ أبي يعلى» 126-بەتكە قارالسۇن.

[④] «تاريخ أبي يعلى» 126-بەتكە قارالسۇن.

يېگەن سەۋەبلىك كېسەلگە مۇپتىلا بولغان[①].

ئەنۇشتېكىن ھجرىيە 433 - يىلى جۇمادىيەل ئۇۋۋەل ئېيىنىڭ 14 - كېچىسى (مىلادىيە 1042 - يىلى 8 - يانۋار) يەكشەنبە كەچ ۋاپات بولغان[②]. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە: ئەنۇشتېكىن ۋەزىر ئەلى بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكى سەۋەبلىك زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن[③].

ئەنۇشتېكىن ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان سالىھنىڭ ئوغلى سىمال ھەلەبكە باستۇرۇپ كەلگەن، ئۇ ھەلەبنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئەنۇشتېكىننىڭ ئايالى ۋە ھەمراھلىرىنى 11 ئاي ھەلەب قەلئەسىدە مۇھاسىرىگە ئالغان، ئەنۇشتېكىننىڭ تەرەپدارلىرى مىسىردىكى ئوردىدىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئوردا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتمىگەن، نەتىجىدە سىمال ھجرىيە 434 - يىلى سەفەر ئېيىدا (مىلادىيە 1056 - يىلى ئاپرېل) پۈتۈنلەي ھەلەبنى بېسىۋالغان.

كېيىن ئوردا سىمالغا قارشى ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى ناسىرۇددۆۋلەنى ئەۋەتكەن، ئۇندىن كېيىن رەففىقنى ئەۋەتكەن، بىر قاتار جەڭلەردىكى يېڭىش - يېڭىلىشلاردىن كېيىن ھەلەبنى بىر قانچە يىل باشقۇرغان سىمال ئاخىرى ئۇنى فاتىمىيلارغا قايتۇرۇپ بەرگەن[④].

ئەنۇشتېكىن خوتەنىنىڭ ئائىلىسى ۋە مال - مۈلكى

ئەنۇشتېكىننىڭ بىرقانچە ئايال - دېدەكلىرى بار بولۇپ، ئەنۇشتېكىن ئۇلاردىن تۆت قىز، ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان.

ئەنۇشتېكىننىڭ ئاياللىرى دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قىزلىرىدۇر. ئۇنىڭ بىر ئايالىنىڭ ئىسمى شەۋۋاقە بىنتى سىمسامۇددەۋلە[⑤]. يەنە بىر ئايالى ۋەھبى ئىبنى ھەسساننىڭ قىزى بولۇپ، ئەنۇشتېكىن بۇ ئايالىدىن بىر ئوغۇل يۈزى كۆرگەن ۋە ھىبەتۇللا دەپ ئىسىم قويغان. ھىبەتۇللا ئانىسىدىن قىرىق كۈنلۈك ۋاقتىدا، دادىسىدىن بىر يىل ئىككى ئايلىق ۋاقتىدا ئايرىلىپ يېتىم قالغان، شۇنىڭ بىلەن ھىبەتۇللا ئوردىغا ئېلىپ كېتىلگەن، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، رەزىييۇددۆۋلەنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كېپىللىكىدە بېقىلغان، ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە ئاتتىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن.

ئەنۇشتېكىننىڭ يەنە بىر ئايالى ئەزىزۇددۆۋلە رافىئنىڭ قىزى بولۇپ، ئەنۇشتېكىن بۇ ئايالىدىن بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز پەرزەنتلىك بولغان[⑥]. ئەنۇشتېكىننىڭ بۇ ئايالىدىن بولغان قىزىنى كېيىن ئانا تەرەپ تاغىلىرى ئېلىپ

---

① «زبدة الحلب من تاريخ حلب»، 146 - بەتكە قارالسۇن.
② «زبدة الحلب من تاريخ حلب»، 146 - بەت، «تاريخ أبي يعلى» 126 - بەتكە قارالسۇن.
③ «المقفى الكبير» 2 - قىسىم، 306 - بەتكە قارالسۇن.
④ «الكامل في التاريخ» ،8 - قىسىم 70 - بەتكە قارالسۇن.
⑤ «المقفى الكبير» 2 - قىسىم، 305 - بەتكە قارالسۇن.
⑥ ئەنۇشتىكىننىڭ بۇ ئايالىدىن بولغان ئوغلى - شائىر ئىبنى ھەييۇسنىڭ ئەنۇشتىكىننىڭ ئوغلىنىڭ تۇغۇلۇشىنى تەبرىكلەپ يازغان شېئىرىدا ئىسمى ئاتالغان مەھمۇد ئىسىملىك ئوغول شۇ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

كەتكەن.

ئەنۇشتېكىننىڭ يەنە بىر ئايالى ئەمىر ھۇسامىدەۋلە بەجناكىنىڭ قىزى بولۇپ، بۇ ئايالدىن ئەنۇشتېكىن بىر قىز پەرزەنتلىك بولغان. ئەنۇشتېكىننىڭ بۇ ئايالدىن بولغان بۇ قىزنى كېيىن ئەمىر سارىمۇددەۋلە نىكاھىغا ئالغان. ئەنۇشتېكىننىڭ يەنە مىسىردا سوغا قىلىنغان ئىككى دېدەكى بار بولۇپ، ئۇلاردىن ئەنۇشتېكىن ئىككى قىز پەرزەنتلىك بولغان[①].

ئەنۇشتېكىن كۆپ مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى تۆۋەندىكىچە ئېلىنغان: ئەنۇشتېكىننىڭ ھەلەبتىكى مۈلكى: جەڭ قوراللىرى ۋە نەرسە كېرەكلىرىدىن باشقا 60مىڭ دىنار نەق پۇل. 100مىڭ دىنار قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈك. دەمەشىق ۋە پەلەستىندىكى مۈلكى: 200 مىڭ دىنار نەق پۇل. تىجارەتچىلەرگە قوشۇپ قويغان پۇلى: 50 مىڭ دىنار. دەمەشقتە ئوردىسىدىن بۇلاپ كېتىلگەن پۇلى 200 مىڭ دىنار[②]. دېيىلىشىچە: ئەنۇشتېكىن بىرەر شەھەرگە كىرسە 1000 دانە كاناي، 600 كۈمۈش نەي، 300 كىچىك كۈمۈش كاناي، 300 يېتىلەك ئات بىلەن كىرىدىغان بولۇپ، ئاتلارنىڭ 30 نىڭ ئېگىرى ئالتۇن، زۇمرەت، ئەنبەرلەردىن ئىكەن. ۋە يەنە ئۇنىڭ تۆت پارچىغا بۆلۈنىدىغان كۈمۈش داستۇرخىنى بولۇپ ئېغىرلىقى شام قادىقىدا بىر يۈز ئوتتۇز قاداق كېلىدىكەن[③].

ئەنۇشتېكىن خوتەنىنىڭ جەسەتنىڭ يۆتكىلىشى

ھىجرىيە 448 ـ يىلى(مىلادىيە 1056 ـ يىلى) ئوردا ئەنۇشتېكىننىڭ جەسىتىنى ھەلەبتىن قۇددۇسقا يۆتكەشكە ئەمىر چۈشۈرگەن.

جەسەتنى يۆتكەپ دەپنە قىلىش ئىشىغا ئەسىرۇددەۋلە ئىبنى كوفى مەسئۇل قىلىنغان، خەلىپە مۇستەنسىر ئەسىرۇددەۋلىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ئەنۇشتېكىننىڭ مېيىتىنى ئوردا ئەۋەتكەن خەلىپىنىڭ كىيىمى ۋە خۇشپۇراقلار بىلەن كېپەنلەشكە بۇيرۇغان.

خەلىپە يەنە ئەسىرۇددەۋلەگە مېيىتنى ساھىل يولىدىن يۆتكەشكە ۋە رەملىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ھازا تۇتۇپ جىنازىنىڭ كەينىدىن ئەنۇشتېكىننىڭ ھۆرمەت نامىلىرىنى توۋلاپ مېڭىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمىر قىلغان.

خەلىپە يەنە شام دىيارىدىكى شەھەرلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ ئەنۇشتېكىننىڭ جىنازىسى قايسى شەھەردىن ئۆتسە شەھەر ئاھالىسى ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇپ جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن[④].

دېگەندەكلا ئەنۇشتېكىننىڭ جىنازىسى قايسى شەھەردىن ئۆتمىسۇن شەھەر خەلقى چىقىپ ناماز ئوقۇپ جىنازىنىڭ كەينىدىن ئۇزۇتۇپ مېڭىپ مېيىتكە ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتكەن، شۇنداق قىلىپ ئەنۇشتېكىننىڭ مېيىتى قۇددۇسقا

① «تاريخ أبي يعلى» 127 ـ بەتكە قارالسۇن.
② «تاريخ أبي يعلى» 127 ـ بەتكە قارالسۇن.
③ «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 305 ـ بەتكە قارالسۇن.
④ «تاريخ أبي يعلى» 127 ـ بەتكە قارالسۇن.

يۆتكۈلۈپ، ئۇنىڭ باللىرى دەپنە قىلىنغان جايغا دەپنە قىلىنغان[①].

### ئەنۇشتېكىن خوتەنىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى

ئەنۇشتېكىن خوتەنى كۆرۈمسىزراق كىشى بولسىمۇ ئىچكى دۇنياسى گۈزەل ئادەم ئىدى، ئۇ تەقۋادار ۋە پەزىلەتلىك كىشى ئىدى، ئۇ بىلمەي گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزۈپ قالغىنىدا ئاللاھقا تەۋبە قىلاتتى.

ئەنۇشتېكىنگە قاھىرەدىكى ۋاقتىدا سەئىد دېگەن يۇرتنىڭ بەزى جايلىرىدا يىلدا ئون ئەردەب (مىسىرنىڭ قەدىمكى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى) ھوسۇل بېرىدىغان خورمىلارنىڭ شۇ يىلى ھوسۇل بەرمىگەنلىكى بۇنىڭ سۇلتاننىڭ زالىملىقى تۈپەيلى بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن سەۋەبلىك ئىكەنلىكى دېيىلگىنىدە، ئەنۇشتېكىن دەرھال زۇلۇمىدىن ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ خورما دەرەخلىرىنى ئىگىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن[②].

ئەنۇشتېكىنگە ئاللاھ زەپەر ئاتا قىلغاندا ئاللاھقا شۈكۈر سەجدىسى قىلاتتى. ئۇ سالىھ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندا ئاللاھقا شۈكرى سەجدىسى قىلغان ۋە سالىھنىڭ تۈرك خىزمەتكارلىرىنى ئۆزىگە خىزمەتكارلىققا ئېلىپ ئۇلارغا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلغان[③].

ئەنۇشتېكىن قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆزىگە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى، تەكلىپ بەرگەنلەرنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى تارتۇقلايتى. دەمەشقتىكى ئەنۇشتېكىننىڭ ئەمەلدارى يۈسۈف ئىبنى ئەلى فەللاھى ئەنۇشتېكىنگە مەكتۇپ يوللاپ ئۇنىڭ كاتىبىنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەكلىكىنى ئېيتقاندا، ئەنۇشتېكىن يۈسۈفتىن رازى بولۇپ ئۇنىڭغا مىڭ دىنار تارتۇق بەرگەن.

ئەنۇشتېكىن يەنە ئۆزىنىڭ مال دۇنياسىنى ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا ۋە مەسجىد ـ مەدرىسە، كۆۋرۈك سالدۇرۇش دېگەندەك خەيرلىك ئىشلارغا سەرىپ قىلاتتى. ئۇ ھىجرىيە 432 ـ يىلى (مىلادىيە 1041 ـ يىلى) ھەلەبتە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى رېمونت قىلدۇرغان[④].

ئەنۇشتېكىن ھەلەبنىڭ قازىسى مۇھەممەد ئەھمەد ئۇبەيد بۇخارىدىن ئۆز يۇرتى تۈركىستانغا مەسجىد، مەدرىسە، كۆۋرۈك سالدۇرۇش ۋە ئۇ يەردىكى كەمبەغەللەرگە سەدىقە ـ ئېھسان قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ئەۋەتكەن.

ئەنۇشتېكىن يەنە قازى مۇھەممەد بۇخارىغا ئۆز يۇرتىدىكى تۇققانلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن شامغا ھۆكۈمدار بولغانلىقىنى ئۇرۇق تۇققانلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئەۋەتكەن پۇللارنىڭ بىر

[①] «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 304 ـ بەتكە قارالسۇن.

[②] «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 305 ـ بەتكە قارالسۇن.

[③] «تاريخ أبي يعلى» 118 ـ، 119 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

[④] «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 304 ـ، 306 ـ بەتكە قارالسۇن.



www.uyghurkitap.com

قىسمىنى ئۇلارغا بىرىپ قويۇشنى جېكىلىگەن[1].

دېيىلىشچە: ئەنۇشتېكىن قۇددۇستىكى قۇببەتۇ سەخرا مەسجىدى مەيدانى شەرقىي تەرىپىدىكى بەش مېھراپلىق تامنى سالدۇرغان[2]، بۇ تام ئەقسا مەسجىدى مەيدانىدىكى تاملارنىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ[3].

ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ ئەنۇشتېكىن خوتەنىيگە بەرگەن باھالىرى

ئىسلام دۇنياسىدىكى كاتتا تارىخچىلار ئەنۇشتېكىنگە يۇكسەك باھالارنى بەرگەن.

ئىمام مەقرىزى ئەنۇشتېكىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇ ناھايىتى زېرەك، تەرجىمھالى ياخشى، ماختىلىشقا تېگىشلىك يول تۇتقان، ئادالىتى ئاشكارا، دىنى چىڭ كىشى ئىدى، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئىسمائىلىيە مەزھىبىدىن يانغان، بۇ مىسىردىكى دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدىكى يىراقلىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى ئىدى.

ئىمام مەقرىزى ئەنۇشتېكىن ھەققىدە يەنە مۇنداق دېگەن: ئەنۇشتېكىن ئۇچۇن ئەبۇلئەلا ئەھمەد ئىبنى سۇلايمان

[1] قازى مۇھەممەد تۈركىستانغا بارغاندىن كېيىن مەسئۇللار تەرىپىدىن شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىبىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن دەپ قارىلىنىپ پۇللار مۇسادىرە قىلىنىپ قاماققا ئېلىنغان، ئۇ ئۇقۇشماسلىقتىن بىر قانچە يىل قاماقتا ياتقان. ئاخىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن سۇلتان ئالىپ ئارسلان خەۋەر تېپىپ ئۇنى قاماقتىن بوشىتىپ ئۇنىڭغا خەيرى ـ خاھلىق كۆرسەتكەن. «الجواهر المضية» 3 ـ قىسىم، 45 ـ بەتكە قارالسۇن.

[2] «القدس.سيرة مدينة .عبقرية المكان» 195 ـ بەتكە قارالسۇن.

[3] بۇ تام 1945 ـ يىلى رىمونت قىلدۇرۇلۇپ، ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەئەررىي «شەمشەرنىڭ شەرىپى» ناملىق كىتابنى يازغان...ۋە ئەبۇلۋەھشى غەزەنفەر ئىبنى فارىسنىڭ ئاتىسى ئەبۇلھەيجائ فارىس ئىبنى ھەسەن ئىبنى مەنسۇر ئىبنى بەلخىي بەتھانىيمۇ ئۇنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە بىر كىتاب يازغان[4].

ئىمام ئەبۇ يەئلا ئەنۇشتېكىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭ گۈزەل تەرجىمھالى، ئادالىتى، ئىنساۋى، زېرەكلىكى ۋە مەرىپەتلىكلىرى ھەققىدە ماختىلىشقا لايىق خەۋەرلىرى بار[5]. ئىمام تەغرى بەردى ئەنۇشتېكىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇ مۇستەنسىرنىڭ مۇھىم ئىشلارغا چاقىرىدىغان خاس ئادىمى ئىدى، ئۇ ياخشى سىياسەت يۈرگۈزگەن، باتۇر، شاجائەتلىك، سۇرلۇك كىشى ئىدى، ئۇ ئەرەبلەرنى (ئىسيانچى ئەئرابىلارنى دېمەكچى) شامدىن قوغلىۋەتكەن، بۇزغۇنچىلارنى يوقاتقان، شامنىڭ ئىشلىرىنى شۇنداق قولايلاشتۇرغانكى ئۇنىڭ دەۋرىدە يوللار ئەمىنلەشكەن[6].

ئىمام ئىبنى ئەساكىر ئەنۇشتېكىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇ ئادىل، كەسكىن، تەرجىمھالى ياخشى كىشى ئىدى[7]. ئىمام ئىبنى ئەسىر ئەنۇشتېكىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇ ئۆزىنى خوجايىنىدىن ئۇستۇن تۇتاتتى چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ھۆكۈمدارلارنىڭ ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ۋە رىملىقلارنىڭ

[4] «المقفى الكبير» 2 ـ قىسىم، 305 ـ ، 306 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

[5] «تاريخ أبي يعلى» 127 ـ بەتكە قارالسۇن.

[6] «النجوم الزاهرة» 5 ـ قىسىم 34 ـ بەتكە قارالسۇن.

[7] «تاريخ مدينة دمشق »9 ـ قىسىم 390 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزىدىن ئەيمەنمىگەنلىكنى ھېس قىلغان ئىدى[①]. ئىمام زەھەبى ئەنۇشتېكىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇ تىلغا ئېلىنمىغان ئەزىمەتلەرنىڭ بىرى ئىدى[②]. ئىمام سەفەدى ئەنۇشتېكىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇ سالىھ ئادىل كىشى ئىدى، ئۇ ئەرەبلەرنى شامدىن چىقىرىۋەتكەن، رىملىقلار ئۇنىڭغا يول قوياتتى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ خوجىلىرى ئۇنىڭدىن قورقاتتى، يۇرتلارنىڭ پۇقرالىرى ئۇنى ئەۋزەل كۆرەتتى، تىجارەتچىلەر ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرەتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندا كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرغان، شامغا ئۇنىڭدىنمۇ ئادىل كىشى ۋالى بولۇپ باقمىغان[③].

يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك ئىسلام تارىخچىلىرى ئەنۇشتېكىنگە ئالاھىدە باھالارنى بەرگەن. بىز بۇ ماقالىدە ئەنۇشتېكىن خوتەنى ھەققىدە ئوقۇرمەنلىرىمىزنى قىسقىچە مەلۇماتلاندۇرۇشنى كۆزلىگەچ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى بايان قىلمىدۇق، تەپسىلاتلاردىن ۋاقىپلانماقچى بولغانلارغا ئىزاھاتلاردا كۆرسىتىلگەن مەنبەلەرنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئاخىرىدا شائىر ئىبنى ھەييۇسنىڭ ئەنۇشتېكىننى مەدھىيىلەپ يازغان ئەرەبچە شېئىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسرالىرى بىلەن بىلەن ماقالىمىزنى تاماملايمىز.

**خلق الله فيك ما شئت فضلا،**

**فليقل كل مادح ماشاء.**

**قد ملأت الأرض العريضة عدلا،**

**فملا أهلها السماء دعاء.**

**فوقانا الأسواء فيك جميعا،**

**من وقانا بقربك الأسواء.**

پەزلى بىلەن خالىغىنىڭچە ياراتمىش ئاللاھ،
مەدھىيەچىلەر نېمە دېسۇن يارىشار شۇڭا.
ئەدلى بىلەن كەڭ زېمىننى تولدۇرغىنىڭغا،
ئەھلى زېمىن تولدۇراركەن ئاسمانغا دۇئا.
ساقلىسۇن بىزلەرنى جىمى ياماندىن ساڭا،
يېقىنلىقىڭدىن زەرەردىن ساقلىغان ئاللاھ[④].

① «الكامل في التاريخ»9 ـ قىسىم 50 ـ بەت.
② «تاريخ الاسلام» 29 ـ قىسىم 394 ـ بەت.
③ «الوافي بالوفيات» 9 ـ قىسىم 242 ـ بەت

④ «ديوان ابن حيوس» 12 ـ بەت.

ماقالىنىڭ ستاتا مەنبەلىرى:


3. الكامل في التاريخ –ابن الأثير
4. تاريخ مدينة دمشق– ابن عساكر
5. تاريخ أبى يعلى – أبو يعلى
6. المقفى الكبير– المقريزي
7. الوافي بالوفيات – الصفدي
8. النجوم الزاهرة– تنكرى بردي
9. اتعاذ الحنفا–المقرزي
10. زبدة الحلب من تاريخ حلب– ابن العديم
11. تاريخ الاسلام– الذهبي
12. الجواهر المضية–القرشي
13. ديوان ابن حيوس– ابن حيوس
14. اسلام بلا مذاهب – مصطفى الشكعة
15. أبو العلاء المعري– أحمد تيمور باشا
16. القدس، سيرة مدينة، عبقرية المكان– خالد محمد غازي
17. إعلام النبلاء بتاريخ حلب الشهباء–محمد راغب الطباخ




ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ۋە گۈللەنگەن ئەسىرلىرىدە ئىلىم رىۋايەتلەر بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، ئەكسىچە مۇسۇلمانلار ئىلىم بىلەن مەدەنىيەتلەر بەرپا قىلغان ۋە توختىماي ئىلگىرىلىگەن. ئىلىم مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرگە ئىسلامنى تونۇتىدىغان ۋە ئۇممەتنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈپ، تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان ۋەسىلە بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەرتىۋىسى دۇنيادا ئىلىم ئارقىلىق يۈكسەلگەن ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ نەزدىدىمۇ ئىلىم بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقىدۇ.

دېمەك، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى باشتىن تارتىپ ئىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىلىمنىڭ ئەڭ مۇھىم كۆرۈنۈشلىرى تۆۋەندىكىچە:

### بىرىنچى: ئىلىم ھەممىگە ئام

تۇنجى مۇسۇلمانلار ـ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ـ جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى لازىم، چۈنكى ئىلىم ھەممىگە ئام، كىشىلەر ئىلىم سەۋىيەسىدە پەرقلىق بولسىمۇ، ھەر قانداق ئادەم بىر نەرسە ئۆگىنىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يا ئالىم بولغىن ياكى ئوقۇغۇچى بولغىن، ئۇنىڭدىن باشقىسى بولمىغىن» دېگەن. ئەبۇددەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى ۋە ئۆگەنگۈچى مۇكاپاتتا

www.uyghurkitap.com

ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلاردا ياخشىلىق يوقتۇر» دېگەن.

دېمەك، دەسلەپكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۆگەتكۈچى بىلەن ئۆگەنگۈچىلەردىن تەركىب تاپقان. يەنى زامانىۋى ئاتالغۇ بويىچە ئېيتقاندا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئىدى.

ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ئىسلام دىيارلىرى ئارىسىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلاتتى، بارغان يەرلىرىدە ئالىملارغا قارايتتى، ئەگەر ئۇ يەردىكى ئالىملار كۆتكىنىدەك كۆپ بىلىمگە ئىگە بولمىسا، بىلىمى كۆپ كىشىلەر بولغان باشقا بىر يەرگە سەپەر قىلاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلا مۇنداق دېگەن: «مەكھۇلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹مەن ئەمر ئىبنى سەئىد ئەل ئاسنىڭ ياكى سەئىد ئىبنى ئەل ئاسنىڭ تالىپى ئىدىم، ئۇ مېنى مىسىردا ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بىر كىشىگە تاپشۇردى، ئۇ ماڭا ياخشى قارىدى. مىسىردا مەندىن كۆپ بىر نەرسە بىلىدىغان كىشىنىڭ قالمىغانلىقىغا قانائەت قىلغىنىمدا ئۇ يەردىن چىقىپ مەدىنىگە باردىم. ئۇ يەردىمۇ مەندىن كۆپ بىر نەرسە بىلىدىغان كىشىنىڭ قالمىغانلىقىغا قانائەت قىلغىنىمدا، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتىم. كېيىن شەئبى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇنىڭدەك ئالىمنى كۆرمىدىم›».

## ئىككىنچى: ئىلىم ئەمەل قىلىش ئۈچۈندۇر

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئىلىمنى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنەتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىمگە ئەمەل قىلماسلىقتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئىبنى لەبىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىشنى بايان قىلىپ «بۇ ئىش ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە بولىدۇ» دېدى. بىز قۇرئان ئوقۇۋاتساق، بالىلىرىمىزغا قۇرئان ئوقۇتۇۋاتساق، بالىلىرىمىزمۇ بالىلىرىغا قۇرئان ئوقۇتۇۋاتسا، قانداقمۇ ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؟! دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋاي ئېسىت ساڭا ئى ئىبنى لەبىد! يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر مەنپەئەت ئالمايدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ئۆگىنىڭلار! ھەركىم بىلگەن نەرسىسىگە ئەمەل قىلسۇن». شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چاغدىكى ئۇلۇغلۇق كىشىنىڭ بىلگىنىگە ئەمەل قىلىشى بىلەن بولاتتى. ئابدۇل ئەزىز ئىبنى زىبياننىڭ ئېيتىشىچە، ئېيسا ئەلەيھىسسالام: «كىم ئۆگەنسە، بىلسە ۋە ئەمەل قىلسا، ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ئارىسىدا ئۇ «ئۇلۇغ كىشى» دەپ چاقىرىلىدۇ» دېگەن.

## ئۈچىنچى: ئىلىمنى يېيىش ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرگەنلىك ۋە ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىقنىڭ يولىدۇر:

سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىلىمنى توختاۋسىز يېيىش ئىدى. ئىلىمنى

تارقىتىش ئۇنى چىڭ تۇتۇشنىڭ يولى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئۈستىگە پەرز بولغان زاكاتتۇر. سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سۆزلەنمىگەن ئىلىم خەجلەنمىگەن خەزىنىگە ئوخشاشتۇر». مۇجاھىد ئاللاھ تائالانىڭ ئېيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى «قەيەردە بولماي، مېنى مۇبارەك قىلدى»① دېگەن ئايىتىنى «ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى قىلدى» دەپ تەپسىر قىلغان.

## تۆتىنچى: ئىلىم پاكلىنىش ۋە ئاللاھتىن قورقۇش ۋەسىلىسىدۇر

ئىسلامدىكى ئىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئىنساندا ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسى پەيدا قىلىشىدۇر. ئىلىم تۇنجى قىلىپ ئۆز ئىگىسىگە تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىلىمنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرىنى ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسى قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئۆلىمالارلا ئاللاھتىن قورقىدۇ.»② ھوزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىشىنىڭ ئىلىملىك بولغانلىقىغا ئاللاھتىن قورقۇشى يېتەرلىكتۇر.»

## بەشىنچى: ئىلىم ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتۇر

ئىسلامدىكى ئىلىمنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە بەندىنىڭ ئىلىم ئارقىلىق رەببىگە يېقىن بولۇشىدۇر. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئىشىتكەن ئىدىم: «كىم ئىلىم ئۆگىنىش يولىغا كىرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنى ھۆرمەتلەپ قاناتلىرىنى يەرگە يايىدۇ؛ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقلار، ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلار ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ؛ ئالىمنىڭ ئابىددىن ئۈستۈنلۈكى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئۈستۈنلۈكىگە ئوخشايدۇ؛ ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر؛ پەيغەمبەرلەر ئالتۇن، كۈمۈش مىراس قويمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئىلىم مىراس قويىدۇ؛ كىم ئۇ ئىلىمنى ئالسا ئەڭ چوڭ نەسىۋە ئالغان بولىدۇ.» ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «كىم ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقسا، ئۇ قايتىپ كەلگۈچىلىك ئاللاھنىڭ يولىدا بولىدۇ.»

ئىمام نەۋەۋى فۇقەھالارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ نەپلى روزا، ناماز، تەسبىھ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جىسمانىي ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان.

ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالىمنىڭ ئابىددىن ئۈستۈنلۈكى، مېنىڭ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ئاددىي كىشىدىن ئۈستۈنلۈكۈمگە ئوخشاشتۇر» دېگەن.

① سۈرە مەريەم: 31 ـ ئايەت.
② سۈرە فاتىر: 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ سەۋەبى ئىلىمنىڭ مەنپەئەتى ھەم ئىگىسىگە ھەم باشقىلارغا بولىدۇ. نەپلى ئىبادەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۆزىنى قىلغان كىشىگىلا بولىدۇ. چۈنكى ئىلىم تۈزەتكۈچى بولۇپ، بارلىق ئىبادەتلەر ئۇنىڭغا موھتاج، ئىلىم ئىبادەتكە مۇھتاج ئەمەس. چۈنكى ئىلىمنىڭ پايدىسى ۋە مېۋىسى ئىگىسى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىدۇ، نەفلە ئىبادەت ئىگىسىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن توختايدۇ.

## ئالتىنچى: ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشنىڭ شەرتى ئىلىمدۇر

ئىسلامدا بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ئۈچۈن، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئادا قىلالايدىغان ئىلىمگە ئىگە بولۇشى شەرت. ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى، ئۇ ئىشتا ھارامغا چۈشمەسلىكى ۋە ئۇ ئىشنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان شەكىلدە ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئۇ ئىش ھەققىدىكى شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى بىلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مالنىڭ ھالال ـ ھارام ھۆكۈملىرىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ بازارغا چىقىپ سودا ـ سېتىق قىلىشىنى مەنئى قىلغان. بۇنىڭدا مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يېتىش شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئاشۇ ئىشنى قانداق قىلىش لازىملىقىنى بىلگۈدەك ئىلىمگە ئىگە بولسا يېتەرلىك بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە، مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭدىن بەزى ئىشلاردا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنى مىسىر زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى بىلىدىغان، ئوبدان ساقلايدىغان ئادەممەن»[1] دېگەنلىكىنى ھىكايە قىلغان.

## يەتتىنچى: ئىلىم ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىكتۇر

ئىسلامدا ئىلىم دىن ۋە دۇنيالىق بىلىملەرنىڭ ھەممىنى ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ بىلىملەرنىڭ ھەممىسى كىشىنى ئاللاھ تائالاغا ئۇلاشتۇرىدۇ. ھەر بىر كىشىگە پەرز ئەين بولغان ئىلىم بار. ئۇ بولسىمۇ تاھارەت، غۇسلى، ناماز، زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا پەرز ئىبادەتلەرگە ئالاقىلىق بىلىملەرنى بىلىش؛ يەنە مۇئامىلىلەرگە تەئەللۇق بىلىملەرنى بىلىشمۇ پەرز ئەيىن.

پەرز كۇپايە بولغان ئىلىم بار. ئۇ شەرىئەت بىلىملىرىنىڭ كۆپى ۋە مېدىتسىنا، ئىنژېنىرلىق، خىمىيە، تەخنىلوگىيە ۋە باشقىلارغا ئوخشاش دۇنيالىق بىلىملەردۇر. يىغىپ ئېيتقاندا كىشىلەرگە پايدىلىق بولىدىغان پۈتۈن بىلىملەردە مۇسۇلمانلاردىن مۇتەخەسسىسلەشكەن كىشىلەرنىڭ بولۇشى پەرز كۇپايە. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە قايسى بىر ئىلىمدە مۇتەخەسسىس بولمىسا، پۈتۈن مۇسۇلمانلار شۇ ئىلىمنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

## سەككىزىنچى: ئىلىمنىڭ

[1] سۈرە يۈسۈپ: 55 ـ ئايەت.

## مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى

ئىسلامدا مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىلىشىدە ئىلىمنىڭ ناھايىتى چوڭ ھەسسىسى بار. بولۇپمۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى مۇھەممەد مەئمۇننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە تەرجىمە ھەرىكىتى ۋە ئىلمىي تەخەسسۇسلىنىشنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئىسلام خەلىپىلىكى دىيارلىرىدا ئىلىم شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغانكى، ئۇ چاغلاردىكى ئۆلىمالارنىڭ يازغان كىتابلىرى يېقىنغىچە ياۋرۇپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان. ئىسلام شەھەرلىرىدە ھەرخىل ئىلىمگاھلار بەرپا قىلىنغان. مەسىلەن: مەسجىدلەر، شەخسىي مەكتەپلەر، كۇتۇپخانىلار، ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلەر ئەنە شۇ بىلىمگاھلاردىن بەزىلىرىدۇر.

ئۇنىۋېرسىتېت تۈزۈمى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۆھپىلىرىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىۋېرسىتېت ئىسلام ئىجادىيىتىدۇر. «گىننىس رېكوردلىرى» كىتابىغا ئاساسلانغاندا، ماراكەشنىڭ فاس شەھىرىدىكى «قەرەۋىيىين ئۇنىۋېرسىتېتى» دۇنيا تارىخىدا قۇرۇلغان ئەڭ قەدىم ئۇنىۋېرسىتېتتۇر. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قەرەۋىيىين جامەسىنىڭ بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنى مۇھەممەد ئەلفىھرى ئەل قەيرەۋانىنىڭ قىزى فاتىمە خانىم 245 ـ ھىجرى 859 ـ مىلادى يىلى ماراكەشنىڭ فاس شەھىرىدە بىنا قىلغان.

بۇ يەردە دىققىتىمىزنى جەلب قىلىدىغان نەرسە دۇنيادىكى تۇنجى ئۇنىۋېرسىتېتنى بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ بىنا قىلغانلىقىدۇر. بۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ مەرتىۋىسىنى ۋە ئىسلامنىڭ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىقتىدارىنى قانداق پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىسلامنى ئاياللارغا زۇلۇم قىلغان دەپ تۆھمەت قىلغۇچىلارغا ئەمەلىي رەددىيە بېرىدۇ.

ئەندىلۇس (ئىسپانىيە) دىكى قۇرتۇبە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مىسىر پايتەختى قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە بىنا قىلىنغان ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن سانىلىدۇ.

## ئىلىمنىڭ مەدەنىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئۈچ ئاساستا بولغان

1 ـ ئۆتمۈش ئۇممەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق تەرەققى قىلغانلىقىنى ۋە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۆز مەدەنىيىتىگە ئويغۇن بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىش.

2 ـ يېڭى كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ نۇقتىدىكى تۆھپىلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ ۋە چوڭدۇر.

3 ـ باشقا ئۇممەتلەرنىڭ ئالىملىرى چۈشكەن ئىلمىي خاتالىقلارنى تۈزىتىش.①

① بۇ ماقالە 2019 ـ 9 ـ 7 ـ كۈنى يېزىلغان بولۇپ، كۆۋەيتتە چىقىدىغان «ئەل مۇجتەمەئ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شۋېتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋېتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 00491761038276 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇرازاق قارىم | 00905468720476 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| سەئۇدى ئەرەبىستان | ياسىن ئابدۇلھەكىم | 00966532071205 |